# شىنجاڭ ياشلىرى

ياشسۇن ياشلىق . ياشسۇن ياشلىق











2003. 5

ھاللىق جەمئىيەت

ئىش ئالدىمىزدا

سىزمۇ باي بولالايسىز

新疆青年

ۋىجدان بىلەن ياشايلى

ۋاقىتلىق باشلىق

ئىتتىپاقلىق ئاپەتنى يېڭىدۇ

ISSN 1002-9109

# ئاتۇش ياشلىرىدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلىرىغا سالام

## — ئاتۇش شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىدىن كۆرۈنۈشلەر



ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ ۋېنچۇەن ئىتتىپاق خىزمىتىنى تەكشۈردى
















ياش ناخشچى ــ ئادىلە
ئا. ئەمەت فوتوسى

جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى

2003

باش مۇھەررىر
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم
(ئالىي مۇھەررىر)
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر
يۇ شيۇخۇا

# مۇھىم ئەسەرلەر مۇندەرىجىسى


| | | |
|---|---|---|
| ھاللىق جەمئىيەت | ئەزىز مۇھەممەتتۇرسۇن | 1 |
| ئىتتىپاقلىق ئاپەتنى يېڭىدۇ | لياڭ يۇگلى | 3 |
| ئىش ئالدىمىزدا | ئەنۋەر ساۋۇت | 5 |
| سىزمۇ باي بولالايسىز | مورفى | 7 |
| رەھمەت ساڭا، ئانا يۇرت پەرىسى | ئەسەد مەسئۇدى | 11 |
| دوستلۇقمۇ ياكى مۇھەببەتمۇ | ئازاد نىزامىدىن | 13 |
| ياۋروپا، سەن بىزدىن قانچىلىك يىراق | ئەركىن ئەمەت (تۈركان) | 17 |
| سىز ناراكەتلىك ئايالمۇ | راھىلە كامال | 23 |
| كەچۈرۈڭ، دوستلۇققا يارىمايمەن | سېتىۋالدى تەۋەككۇل | 25 |
| ئەگەر مەن قىز بولسام | ئۆمەرجان ئىسمائىل | 27 |
| ۋىجدان بىلەن ياشايلى | ئىبراھىمجان نىياز | 33 |
| چاقچاق قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ | سىدىق يۇسۇپ | 37 |
| بۆشۈك، يەسلى ۋە بالىلار | ئاينۇر ھەسەن | 39 |
| «ھېكمەتنامە»دىن ھېكمەتلەر | بالتاسار گراسىئەن | 45 |
| ۋاقىتلىق باشلىق (ھېكايە) | زۆھرەگۈل ھامۇت | 57 |
| سونېتلار | زاكىرجان مىجىت سىدىقى | 60 |










«شىنجاڭ ياشلىرى» ئىدارىسى ياسىما ھەركەتتە بېسىلدى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى
گۈزەل سەنئەت تەھرىرى: ئىسمائىل ئىبراھىم كوررېكتورى: ھەبىبۇللا ئەلى (تەكلىپ قىلىنغان)
خەلقئارا نومۇرى: ISSN 1002 — 9109 ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 00502166
دۆلەتلىك نومۇرى: CN 65 — 1029 / C پوچتا نومۇرى: 830002 باھاسى: 3.00 يۈەن

# ساغلاملىق ئەڭگۈشتىرى — «يېڭى ئەۋلاد سالامەت شىپالىق تالقىنى»

*ئەنگىلىيەلىكلەر، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى ۋىلايەتلەردە دىئابېت (قەنت سىيىش) كېسەللىكىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرىدىكى نىسبەتتىن ئېشىپ كەتكەن. ئەجەبا، بايلىق ۋە ھەشەمەتلىك تۇرمۇشقا ئۇلۇك تاناسىپ بۇ كېسەل نېمە ئۈچۈن بۇ رايونلاردا شۇنچە يامراپ كەتكەن؟ بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەلقىمىزنىڭ غىزالىنىش ئادەتلىرىدە، يېمەك - ئىچمەك يوسۇنلىرىدا ۋە ئىستېمال تەرتىپلىرىدە بەزى ناباپ قاراشلار ئېغىر. بۇ خىل ئادەت چوقۇم تىزگىنلىنىشى كېرەك. «يېڭى ئەۋلاد سالامەت شىپالىق تالقىنى» سېمىزلىك، قاندا ماي ئارتىپ كېتىش ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان دىئابېت كېسەللىكى ئۈچۈن مەخسۇس لايىھەلەنگەن بولۇپ، تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى بىلىملەرنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمىز.*

**1. يېڭى ئەۋلاد شىپالىق تالقىنى قايسى تۈردىكى ئالاھىدە يېمەكلىك؟** ئۇ دورىلىق يېمەكلىكلەر قامۇسىدىكى دولانا، پىچەككۈل يىلتىزى قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى خام ئەشيا قىلغان بولۇپ، جۇڭگىي تېبابىتىدىكى يېمەكلىك بىلەن داۋالاش ئۇسۇلىنى ئاساس قىلىپ، بۈگۈنكى زامان پەن - تېخنىكىسى قوللىنىلىپ ياسالغان ئالاھىدە يېمەكلىك.

**2. ئۇ نېمە ئۈچۈن سېمىز، قاندا ماي ئارتىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ماس كېلىدۇ؟** ئۇزاق مۇددەت ئىسسىقلىق مىقدارى ۋە ماي تەركىبى يۇقىرى يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغانلىقتىن، ئادەم تېنىنىڭ ھەر خىل ئىسسىقلىق ۋە ئوزۇقلۇققا بولغان تەلىپى نورمال ئېھتىياجدىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ ئىسسىقلىق بىلەن باشقا ئوزۇقلۇق ماددىلار ماي بولۇپ يىغىلىپ، سېمىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاقىۋەتتە ماي مىقدارى ئېشىپ بېرىپ، قاندا ماي ئارتىپ كېتىش پەيدا بولىدۇ.

شىپالىق ئۇماچ تالقىنى يىغىلغان ماينىڭ ئالمىشىشىنى ئۈنۈملۈك ھالدا تېزلىتىپ، ماينى ئازايتالايدۇ. شۇڭا ئۇ سېمىز، قاندا ماي ئارتىپ كەتكەن كىشىلەرگە ناھايىتى ماس كېلىدۇ.

**3. يېڭى ئەۋلاد شىپالىق تالقىنى قايسى تۈردىكى قەنت سىيىش (دىئابېت) كېسەللىكى بارلار ئىستېمال قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ؟** قاندىكى ماينى تەڭشەپ، ئادەم بەدىنىدىكى ماي مىقدارىنى ئازايتىش ئارقىلىق قاندىكى شېكەرنى تەڭشەيدۇ. شۇڭا، شىپالىق ئۇماچ تالقىنى سېمىز، قاندا ماي ئارتىپ كېتىشتىن بولغان دىئابېت كېسەللىكى بارلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ناھايىتى ماس كېلىدۇ.

**4. يېڭى ئەۋلاد شىپالىق تالقىنىنىڭ زىيانلىق قوشۇمچە رولى بارمۇ؟** شىپالىق ئۇماچ تالقىنى مەملىكەتلىك سەھىيە مىنىستىرلىقى تەستىقلاپ تارقاتقان يېمەكلىك تەركىبى جەدۋىلىدە كۆرسىتىلگەنلەرنى خام ئەشيا قىلىپ ياسالغان بولۇپ، ھېچقانداق زەھەرلىك قوشۇمچە رولى يوق. لېكىن، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەردە رېئاكسىيىلىك ئالامەت كۆرۈلۈشى مۇمكىن، بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلگەن بولسا ئىچىشنى توختىتىپ، شىركەتتىن مەسلىھەت سورىسا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، شىپالىق ئۇماچ تالقىنى قان ئايلىنىشنى تېزلەشتۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھامىلىدار ئاياللار ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ.

شىركەت ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 23 ـ نومۇر (چارۋىچىلىق بازىرىنىڭ ئارقا ھويلىسىدا)، يەنى سالامەت سودا چەكلىك شىركىتى

مەسلىھەت سوراش تېلېفونى: 8566887 _ 0991

خوتەن شەھەرلىك لوقمان قەنت سىيىش كېسەللىكلىرى بۇيۇملىرى دۇكىنى تېلېفون: 2050454 _ 0903

قەشقەر شەھەرلىك ئىستانبۇل ئاللا بازىرى تېلېفون: 2837555 _ 0998

ئاقسۇ شەھەرلىك ئالتۇن كۆۋرۈك سودا سارىيىنىڭ 1 ـ قەۋىتىدىكى غەربىي ديار ماگىزىنى 2617117 _ 0997

ئاتۇش شەھەرلىك ئىستانبۇل ئاللا بازىرى 4231711 _ 0908

كورلا شەھەرلىك ئىستانبۇل 3 ـ ئارماق دۇكىنى 2031852 _ 0996

غۇلجا شەھەرلىك قوشنۇر ئاللا بازىرى 8121449 _ 0999

قۇمۇل شەھەرلىك ئىستانبۇل ئاللا بازىرى 2384360 _ 0902

تۇرپان شەھەرلىك شىنچېڭ مال سېتىۋېلىش مەيدانى 13199899954

قاراماي شەھەرلىك گىلاس ئاللا بازىرى 6891401 _ 0990

چۆچەك شەھەرلىك ئىستانبۇل ئاللا بازىرى 6233724 _ 0901

چۆچەك شەھەرلىك يەر ئاستى بازىرى ئارمان 13 ـ نومۇرلۇق دۇكان تېلېفون: 6224668 _ 0901

مايتاغ مىللىي بۇيۇملار ماگىزىنى 3872529 _ 0992

مايتاغ ئىستانبۇل ئاللا بازىرى 3862701 _ 0992

دۆربىلجىن ھېممەت ئابدۇكېرىم ماگىزىنى 3346959 _ 0901

بورتالا شەھەرلىك ئارمان ئاللا بازىرى 013031351238

# هاللىق جەمئىيەت

ئەزىز مۇھەممەتتۇرسۇن

خەلقئارادا هاللىق تۇرمۇش ياكى هاللىق جەمئىيەتكە قارىتا ئېنىق تەبىر ۋە نىشان يوق. هاللىق سەۋىيە دۆلىتىمىز ئۈچۈن ئالاھىدە ئۇقۇم. ئېلىمىزنىڭ هازىرقى باسقۇچىدىن ئېلىپ ئېيتساق، هاللىق تۇرمۇش ئەھۋالىنى كۆرسىتىدۇ. هاللىق سەۋىيە كىيىم پۈتۈن، قورساق توق بولۇش سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولغان سەۋىيە. لېكىن ئۇ يەنىلا باي سەۋىيىگە يەتمەيدۇ. ئۇنداقتا، ئومۇميۈزلۈك هاللىق جەمئىيەت دېگەن نېمە؟ ئومۇميۈزلۈك هاللىق جەمئىيەت دېگىنىمىز، 16 ـ قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئىقتىساد يەنىمۇ راۋاجلانغان، دېموكراتىيە تېخىمۇ ساغلاملاشتۇرۇلغان، پەن ـ مائارىپ تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلغان، مەدەنىيەت تېخىمۇ گۈللەندۈرۈلگەن، جەمئىيەت تېخىمۇ جىپسىلاشتۇرۇلغان، خەلق تۇرمۇشى تېخىمۇ باياشاتلاشتۇرۇلغان جەمئىيەتتۇر. ئومۇميۈزلۈك هاللىق جەمئىيەت بىر ـ ئىككى كۆرسەتكۈچ بىلەنلا ئەمەس، بىرقانچە كۆرسەتكۈچ بىلەن، ئاز دېگەندە مۇنداق تۆت كۆرسەتكۈچ بىلەن ئۆلچىنىدۇ: بىرىنچى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم كۆرسەتكۈچى؛ ئىككىنچى، ئېنگېر كوئېففىتسېنتى؛ ئۈچىنچى، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات كۆرسەتكۈچى؛ تۆتىنچى، نامرات نوپۇسنىڭ نىسبىتى. ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات باسقۇچى ۋە خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى، شۇنداقلا ساپاسى توغرىسىدىكى ئاساسىي هۆكۈمدىن، بىرىنچى، ئومۇمىي جەھەتتىن هاللىق سەۋىيىگە يېتىش؛ ئىككىنچى، يەنىلا تۆۋەن سەۋىيە ئومۇميۈزلۈك بولماسلىق، تەرەققىيات تەكشىسىز بولۇش دېگەندەك ئىككى تۈرلۈك يەكۈننى چىقىرىشقا بولىدۇ.

كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم دېگىنىمىز، دۇنيا بانكىسى ئايرىپ چىققان تۆت خىل كىرىملىك گۇرۇپپىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ: (1) تۆۋەن كىرىملىك گۇرۇپپىلار، يەنى 2000 ـ يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى خەلقئارادىكى ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قىممىتى بويىچە 1980 دوللارغا يەتكەن گۇرۇپپا؛ (2) تۆۋەن ئوتتۇرا كىرىملىك گۇرۇپپا، يەنى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى خەلقئارادىكى ئامېرىكا دوللىرى قىممىتى بويىچە 4600 دوللارغا يەتكەن گۇرۇپپا؛ (3) يۇقىرى ئوتتۇرا كىرىملىك گۇرۇپپا، يەنى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى خەلقئارادىكى ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قىممىتى بويىچە 9210 دوللارغا يەتكەن گۇرۇپپا؛ (4) يۇقىرى كىرىملىك گۇرۇپپا، يەنى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى خەلقئارادىكى ئامېرىكا دوللىرى



قىممىتى بويىچە 27 مىڭ 770 دوللارغا يەتكەن گۇرۇپپا قاتارلىقلار.

ئېنگىر كوئېففىتسېنتى دېگىنىمىز، يېمەكلىك چىقىمىنىڭ ئائىلىلەر ئىستېمالىنىڭ ئومۇمىي چىقىمىدا ئىگىلىگەن نىسبىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئوخشاش بولمىغان ئېنگىر كوئېففىتسېنتى ئوخشاش بولمىغان ئىستېمال قۇرۇلمىسىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەمدە ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات باسقۇچىغا ۋاستىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاشلىق - يېزا ئىگىلىك تەشكىلاتىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئېنگىر كوئېففىتسېنتى %60 تىن يۇقىرىلار مۇتلەق نامراتلار؛ %50 بىلەن %59 ئارىسىدىكىلەر ئېپلەپ - سېپلەپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلار؛ %40 بىلەن %49 ئارىسىدىكىلەر ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەنلەر؛ %30 بىلەن %39 ئارىسىدىكىلەر بېيىغانلار؛ %20 بىلەن %29 ئارىسىدىكىلەر ئەڭ بېيىغانلار قاتارىغا كىرىدۇ.

ئېلىمىزنى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بەزى رايونلارنىڭ ئەمەلىي سېتىۋېلىش ئىقتىدارى جەھەتتىن بولسۇن، ئىستېمال سەۋىيىسى ۋە ئىستېمال قۇرۇلمىسى جەھەتتىن بولسۇن ۋە ياكى ئەمەلىي بەھرىمەن بولىدىغان ماددىي تۇرمۇش شارائىتىدىن بولسۇن، پەرقى زور دەرىجىدە كىچىكلىدى. لېكىن ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى ئەمەلىيىتىدە بىر جۇڭگو، تۆت دۇنيادىن ئىبارەت. مەسىلەن: (1) شېنجېن، شاڭخەي، بېيجىڭ قاتارلىق شەھەرلەر دۇنيادىكى يۇقىرى كىرىملىك دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يەتتى. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ شەھەرلەردىكى نوپۇس ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %2.2 نى ئىگىلەيدۇ؛ (2) ئېلىمىزنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى بىر قىسىم رايونلار، مەسىلەن، گۇاڭدۇڭ، جياڭسۇ، جېجياڭ، لياۋنىڭ قاتارلىق ئۆلكىلەر يۇقىرى ئوتتۇرا كىرىملىك دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يەتتى. بۇ رايونلاردىكى نوپۇس ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %21.8 نى ئىگىلەيدۇ؛ (3) خېبېي ئۆلكىسى، شەرقىي شىمال، شەرقىي جۇڭگو، ئوتتۇرا جۇڭگودىكى بىر قىسىم رايونلار تۆۋەن ئوتتۇرا كىرىملىك سەۋىيىدە بولۇپ، بۇ رايونلار نوپۇسى پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %26 نى ئىگىلەيدۇ؛ (4) ئوتتۇرا، غەربىي رايونلار تۆۋەن كىرىملىك سەۋىيىدە بولۇپ، نوپۇسى پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %50 نى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا، ئېلىمىزنىڭ كېيىنكى باسقۇچتا ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسلىق مۇھىم نۇقتىسى 3 - ۋە 4 - دۇنيا. بولۇپمۇ 4 - دۇنيا ئىقتىسادىدا بۆرۈلۈش ياساش كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن ئاساسلىقى تۆۋەن كىرىملىك كىشىلەر، نامراتلار، يېزا ئائىلىلىرى، ئاز سانلىق مىللەت ئائىلىلىرى، شۇنداقلا ئاجىز كىشىلەرنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ھەمدە بۇنى كۈندىلىك ئىش تەرتىپىگە كىرگۈزۈش لازىم. ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ يادروسى — ئورتاق بېيىش دېمەكتۇر. بۇ، كىشىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمىنى ئۆستۈرۈش، ئېنگىر كوئېففىتسېنتىنى تۆۋەنلىتىش ھەمدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئادەم كۈچى كاپىتالىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئېلىمىز نامراتلىقتىن مۇتلەق قۇتۇلۇپ، كىيىم پۈتۈن، قورساق توق بولۇشنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ھاللىق جەمئىيەتكە كىرىشكە باشلىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئومۇمىيۈزلۈك كىرىپ بولغىنى يوق. بىز مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 20 يىلىدا داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، 1 مىلياردتىن ئارتۇق نوپۇسقا پايدا يەتكۈزىدىغان تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك ھاللىق جەمئىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم. (09)

(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ماركسىزم ئوقۇتۇش ئەتقىقات بۆلۈمىدە)

# ئىتتىپاقلىق ئاپەتنى يېڭىدۇ

لىيالڭ يۈگلى




2003 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى مارالبېشى ۋە پەيزاۋات ناھىيىلىرىدە 6.8 بال يەر تەۋرىدى. ئىككى ناھىيىگە قاراشلىق چوگقۇرچاق، ئالاغىر، سىرىقبۇيا، ئاۋات قاتارلىق يېزا ـ بازارلاردا ئاپەت ئېغىر بولۇپ، 18 مىڭ ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى. ئاپەت مەزكۇر يېزا ـ بازارلاردىكى 80 نەچچە تەبىئىي كەنتكە تەسىر كۆرسەتتى. 260 نەچچە ئادەم بەختسىزلىككە ئۇچراپ، 4000 دىن ئارتۇق ئادەم يارىدار بولدى. 7000 نەچچە ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن، 4000 دىن ئارتۇق ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى ۋە زاپاستىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر كەڭ ئاممىلار بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، ئىسسىق قان ـ تەرى بىلەن ئىتتىپاقلىق داستانىنى يېزىپ چىقتى.

### ئوفىتسېرنىڭ ئۇيغۇر «قىزى»

3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، يەنى يەر تەۋرىگەنىنىڭ 7 ـ كۈنى چوگقۇرچاق يېزىسىنىڭ 18 ـ كەنتىگە ئىككى ئوفىتسېر كەلدى. ئۇلار يەر تەۋرەشكە قارشى تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كەلگەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم دىۋىزىيىسىنىڭ باشلىقى جۇ خۇگتاۋ ۋە دىۋىزىيە سىياسىي كومىسسارى جىن كېجۈنلەر ئىدى. ئىككىيلەن 18 ـ كەنتتە يەتتە ياشلىق بۇخەلچەم ھەسەن ۋە سەككىز ياشلىق تۇخاگۈل ئابلىزنىڭ ئاپەتتە ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلايدۇ. بۇ ئىككى بالىنىڭ ئەمدىلا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقانلىقى، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ ئائىلە قىيىنچىلىقى ھەسسىلەپ ئېشىپ، ئوقۇشتىن چېكىنىش گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ كۆڭلى بىئارام بولغان دىۋىزىيە باشلىقى جۇ ۋە سىياسىي كومىسسار جىن نەق مەيداندىلا بۇ ئىككى بالىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنگە قەدەر ئوقۇش خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. 17 ـ كەنتتىكى بۇخەلچەم بىلەن تۇخاگۈل تۇرۇۋاتقان ئىسسىق چېدىر ئالدىدا ئىككى ئوفىتسېر يېڭى بوغچا ۋە ئوقۇش قوراللىرى بىلەن 600 يۈەن نەق پۇلنى ئىككى قىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى ياخشى ئوقۇپ، بىلىملىك، يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشقا رىغبەتلەندۈردى. ئىككى ئوفىتسېر ئىككى قىزنىڭ قارىغۇچىلىرى ۋە مەكتەپ مۇدىرى بىلەن بۇ ئىككى قىزنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى ئۈستىگە ئېلىش



كېلىشىمنامىسى ئىمزالىدى. ئۇلار ئىككىلەن ئىككى قىزغا ئۆز قىزلىرىدەك مۇئامىلە قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى. ئىككى ئوفىتسېر قايتىدىغان چاغدا بوخەلچەم بىلەن تۇخاگۇل كۆزلىرىگە ياش ئالغىنىچە «ھەربىي دادا»لىرىنى كەنت ئېغىزىغىچە ئۇزىتىپ باردى.

## ئارمىيە ـ خەلق بىر ئائىلە

3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئاپەت رايونىدا تويۇقسىز قار ئارىلاش يامغۇر يېغىپ، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ كەتتى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ شىتاب باشلىقى شاۋجاڭ جاڭ شىمىن ئاپەت رايونىدىكى يۇرتداشلاردىن ھال سورىغىلى بېرىپ، تۇگمەنبېشى كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى داۋۇت ھاشىمنىڭ بۇ قېتىملىق يەر تەۋرەشتە ئايالى، ئوغلى، ئىككى كېلىنى ۋە بىر نەۋرىسى بولۇپ بەش نەپەر قېرىندىشىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى، 12 ئېغىز ئۆيىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ چۈشكەنلىكىنى، داۋۇت ھاشىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى دەپنە قىلىپ بولۇپلا، ئاممىنى تەشكىللەپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پائالىيىتىگە قاتناشقانلىقىنى ھەمدە كەنتتىكى ئاممىغا پارتىيە ۋە ئارمىيىنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا قايتا ـ قايتا تەربىيە ئېلىپ بارغانلىق ئىش ـ ئىزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، دەرھال ئۇنىڭغا بىر دانە پاختىلىق چاپان ۋە بىر يوتقان سوۋغا قىلىپ، ئۇنى ئاممىنى يېتەكلەپ، يۇرتىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشقا ئىلھاملاندۇردى.

تەبىئىي ئاپەت جەريانىدا، قىسىمدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىلماس مېھىر ـ مۇھەببەت خۇددى شۇ يەردىكى ئامما چىقارغان «ئاپەت رەھىمسىز، ئادەم رەھىمدىل، رەھمەت ساڭا ئارمىيە» دېگەن پلاكاتتىكىدەك، كىشىنى تولىمۇ ھاياجانغا سالىدۇ. بۇ ھەقتە گەپ بولسا، چوڭلاردىن تارتىپ كىچىكلەرگىچە كۆز يېشى قىلماي تۇرالمايدۇ.

2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، يەنى ئاپەت يۈز بېرىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزا 4 ـ كەنت 4 ـ گۇرۇپپىدىن ئوبۇل ھوشۇر ئايالى بىلەن بىرگە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ يەرلىكتە تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسىمغا كېلىپ ئۆزى تېرىغان كەرپىچە بىلەن سامساقنى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرگە سوۋغا قىلىدۇ، ئۇستىۋېشى لايغا مىلەنگەن، چارچاپ ھالىدىن كەتكەن ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلىنىدۇ، ئەمما قوبۇل قىلمايدۇ. ئوبۇل ھوشۇرنىڭ ئايالى كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ: «ئازادلىق ئارمىيىگە رەھمەت، سىلەر بىزنى قۇتۇلدۇردۇڭلار، بىزگە كىيىم ـ كېچەك، چېدىر ئىئانە قىلدىڭلار، سىلەر بىزنىڭ شەپقەتچىمىز. گەرچە سىلەر كەلگىلى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز بولغان بولسىمۇ، سىرتتا يېتىپ ـ قوپۇۋاتىسىلەر، تاماقنىمۇ سىرتتا يەۋاتىسىلەر، بىز تولىمۇ خىجىل» دەيدۇ.

(ئاخىرى 35 ـ بەتتە)



# [illegible]

**ئەنۋەر ساۋۇت**

بۇرۇن شتات، خىزمەت ئورنى دېگەنلەر مۇھىم ھەم مۇقەددەس ئىدى. خىزمەت ئورنىمىزدا خاتىرجەم ياشايتتۇق، ئىش كۈتۈپ تۇرۇش، خىزمەتنى ئۆزى تېپىش دېگەنلەرنى بىلمەيتتۇق. ئەمدىلىكتە بۇنداق ئۇقۇملار بۇ يەردىمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئويلاپ باقساق، بۇمۇ مۇقەررەرلىك ھەم تەبىئىي قانۇنىيەت ئىكەن.

بۈگۈنكى كۈندە، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكومىلارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ھۆكۈمەت بىر تۇتاش تەقسىم قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرغان شارائىتتا ۋە ھەممە ئىدارە، ئورگانلارنىڭ شتاتى توشۇپ، ھەتتا خادىملىرىنى قىسقارتمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن ۋاقىتتا جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشقا باشلىدى.

ئوقۇش پۈتتۈرگەن بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارزۇسى خېلى يۇقىرى. خىزمەت تاللىغاندا شەھەرلەرنى تاللايدۇ، مۇتلەق كۆپ ساندىكىلەر يەنىلا ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ياكى كەسپىي ئورۇنلارغا ۋە ياكى ئۈنۈمى ياخشىراق ھۆكۈمەت كارخانىلىرىغا كۆز تىكىپ، ساقلاپ تۇرسا تۇردۇكى، ئۇلارغا ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ئىش ھەققى تۆۋەنرەك، جاپالىق، ئېغىر خىزمەتلەرنى قىلىش رايى يوق. بەزىلەر خىزمەت تاپقۇچە لاغايلاپ يۈرۈشكە رازى بولىدۇكى، ئېتىزغا چىقىپ بىچارە ئاتا ـ ئانىسىغا قارىشىشنى ئويلىمايدۇ. يەنە تېخى ئاتا ـ ئانىسىنى كېچە ـ كۈندۈز ئاللىكىملەرنىڭ ئىشىكىگە تەلمۈرتۈپ، كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تېپىپ بېرىشكە قىستايدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس.

ھازىر بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش، بالىلىرىغا خىزمەت تېپىپ بېرىش، تويىنى قىلىپ قويۇش، ئۆي ئېلىپ بېرىشكە ئوخشاش «مەجبۇرىيەت» لەرنى ئۆتەپ بولالماي ھالىدىن كەتمەكتە، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، يەنىلا گەپ ئۆزىمىزدە. بىزدە ئەنئەنىۋى قاراشنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ، ئىش قىلىش ئىرادىسىلا بولىدىكەن، جەمئىيەتتە نۇرغۇن ئىش ئورۇنلىرى بوش تۇرماقتا، مۇھىمى، ئۇ ئىشنى خالايدىغان ياكى خالىمايدىغانلىقىمىزدا. تۇرمۇشتا ھە دېسە قابىلىيىتىمىزگە ماس كېلىدىغان خىزمەت ياكى ئىشنىڭ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرماي، بەلكى قىلىشقا تېگىشلىك ئىش بولسا ئاكتىپلىق بىلەن قىلىشىمىز ھەم قىلغاچ تۇرۇشىمىز كېرەك، چۈنكى بىزدە «ئات تاپقۇچە، ئېشەك مىن» دەيدىغان تەمسىل بار.

ئىلگىرى ياشنىڭ چوڭ بولۇشى قىممەتلىك بايلىق ئىدى. لېكىن، ھازىر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولماقتا. ھازىرقى خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ئېلانلىرىدا قوبۇل قىلىنىدىغان خادىملارنىڭ ياش چەكلىمىسى 30 ياشتىن تۆۋەن

بولۇش شەرت قىلىنماقتا. دېمەك، ئىختىساسلىقلار بازىرى ياشلارغىلا يۈزلەنگەن. شۇنداق ئىكەن، مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، جەمئىيەت ئېھتىياجىنى بايقىشىمىز كېرەك. ئېھتىياجنى بايقاش يېڭى بىر كەسىپنى بايقىغانغا ئوخشاش ئىش. لېكىن بىزدە ئېھتىياجنى قاندۇرغۇدەك ئىقتىدار بارمۇ؟ بۇنىسى ھەممىدىن مۇھىم. ئىقتىدار بولسا تەقسىماتتا شتات توشۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا بازارلىق بولۇپ قالىمىز. بىزدە كارخانىدا ئىشلەشتىن قورقۇش ۋەھىمىسى بار. ئىچكىرى جايلاردا بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىقتىدارلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كىرىمى ياخشى كارخانىلارنى تاللايدۇ. نۆۋەتتە، رايونىمىزدىمۇ شىركەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان (بولالىغۇدەك) ئىختىساسلىقلارنى تاللاش ئومۇملاشماقتا، ئەمەلىيەتتە بۇمۇ ئالدىمىزدىكى ياخشى بىر پۇرسەت ھەم ئامەت. ئەمما، ئوقۇش پۈتتۈرگەن بەزى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا نەزەرىيۋى بىلىمنى كۆپ ئىگىلىگەن بىلەن، جەمئىيەت ئېھتىياجىغا ماسلاشقۇدەك قورالغا ئىگە بولالماي ئوقۇش پۈتتۈرگەن. بىر قىسىملىرى ھەتتا خەنزۇچىنىمۇ تۈزۈكرەك ئۆگەنمىگەن، مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرى بىلەن ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىگۈدەك دەسمايىگە ئىگە ئەمەس. شۇڭا، بۇ خىل ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت تېپىشى ھەقىقەتەن قىيىنغا توختىماقتا. دېمەك، ئىقتىدار بىزنى خىزمەتكە ئىگە قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل. شۇنداق ئىكەن، ئىقتىدارىمىزنى نامايان قىلىدىغان پۇرسەتنى ئىزدەيلى، ھەرقانداق ئادەم ئېچىلمىغان كانغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ مەلۇم تەرەپتە يوشۇرۇن ئىقتىدارى تولۇپ تاشقان بولىدۇ. ئۆزىمىز ئۈستىدە تەپسىلىي ئويلىنايلى، ئۆزىمىز ماڭغۇدەك يول تاپايلى، ئەمەلىيەتتە بۇ يولنى بىزگە ھېچكىم، ھەتتا ئوقۇتقۇچىمۇ مەكتەپتە ئۆگەتمىگەن بولۇشى، ئاتا ـ ئانىلارمۇ كۆرسىتىپ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن، ئەڭ ياخشىسى ئىقتىدارىمىزغا تايىنىپ ئىش ئورنىمىزنى ئۆزىمىز ياراتقان تۈزۈك. بىزدە ئەگەر ئىقتىدار بولمىسا، ھەرقانداق بىر ئورۇنغا ئورۇنلاشساقمۇ ھامان بىر كۈنى ئىش ئورنىدىن قۇرۇق قالىمىز، ئەمەلىيەت جەريانىدا تىرىكچىلىك ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنەيلى، ھەتتا ئالىي مەكتەپ، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۆزىمىزنى ئادەتتىكى ئىشلەمچى تەرىقىسىدە تەسەۋۋۇر قىلايلى، بىرەر قېتىم نەتىجە، شارائىتقا ئىگە بولالماي قالغاندا، ھەرگىزمۇ چۈشكۈنلىشىپ ھەممىدىن ۋاز كېچىپ كەتمەيلى، قايتىدىن ياشاشنى ئۆگىنەيلى:

ئالدىمىزدا ھەقىقەتەن ئىستىقبال ۋە خىزمەت غېمى تۇرۇپتۇ. بۈگۈنمۇ، كەلگۈسىمۇ بىزگە مەنسۇپ. بىزگە ئېھتىياجلىق، قانۇن كەسپىدە ئوقۇغانلار ئادۋوكاتلىقنى تاللىسۇن، كومپيۇتېر بىلگەنلەر يۇمشاق دېتال تۈزۈش، تورلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى سىناپ كۆرسۇن، شىنجاڭدا گۈللىنىۋاتقان يەرلىك يېمەكلىكلەر سانائىتى ھەققىدە ئىزدىنەيلى، مۇھىت ئاسراش ساھەسىگە ئورۇنۇپ باقايلى، شىركەتلەردە ئىقتىساد مەسلىھەتچىسى بولۇشنى قولغا كەلتۈرەيلى. سۇغۇرتا شىركەتلىرىگە بېرىپ كۆرەيلى، مۇلازىمەت كەسپى، ساياھەت كەسپى، ئائىلە مۇلازىمىتى كەسپى، ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقى، تەرجىمانلىق قاتارلىق كەسىپلەردە نەتىجە يارىتىشقا قەتئىي نىيەت بىلەن بەلنى چىڭ باغلاپ تىرىشىپ باقايلى، ھەرقانداق خىزمەت ئورۇنلىرىغا ئېرىشمەكچى بولىدىكەنمىز، ئالاقە تورى، ئىختىساسلىقلارنى تەكلىپ قىلىش يىغىنى، گېزىت ـ ژۇرناللاردىكى ئېلانلار، ئىختىساسلىقلار ۋاستىچىلىرى، ھەتتا ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر ئارقىلىق خىزمەتكە ئورۇنلىشىشنى نەزەردىن ساقىت قىلمايلى. ئىش ئالدىمىزدا. (02)

(ئاپتور: قەشقەر تەنتەربىيە مەكتىپىدە)



# سىز مۇباي بولالايسىز

مورفى

نامراتلىق ئىدىيىسى ھەممىدىن بەك قورقۇنچلۇق، ئەگەر سىز بۇنىڭ ئازابىنى تارتىۋاتقان بولسىڭىز، نامراتلىقنىڭ قۇربانى بولسىڭىز، ھەمىشە ئازابتا، پاسسىپلىقتا ۋە نامراتلىقتا تۇرۇۋەرمەي، ئىدىيىۋى پوزىتسىيىڭىزنى ئۆزگەرتىشىڭىز، بايلىققا ۋە موللۇققا يۈزلىنىشىڭىز، خۇشاللىققا يۈزلىنىشىڭىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلسىڭىز، بەختلىك تۇرمۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئارزۇيىڭىزنىڭ شۇنچە تېز ئەمەلىيلەشكەنلىكىنى ھەيرانلىق ئىچىدە بايقايسىز.

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش بىر خىل مۇكەممەل ۋە ئىلمىي پىسخىك جەريان، ھەقىقىي تۈردە بايلىققا ئېرىشىدىغان ئادەم ئىشنىڭ بېشىدىلا ئۆزىنىڭ باي بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ كاللىسىدا گۇمانلىنىش ۋە ساراسىمىگە چۈشۈش ئىدىيىسى بولمايدۇ، ئۇ ئەزەلدىنلا نامراتلىقنى تىلغا ئالمايدۇ، شۇنداقلا نامراتلىق ھەققىدە پىكىر قىلمايدۇ، نامراتلىق ئىدىيىسى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرەلمەيدۇ، ئۇ تىلەمچىدەك كىيىنىۋالمايدۇ، تىلەمچىدەكمۇ يول يۈرمەيدۇ.

بەزى كىشىلەرنى نامراتلىق ئىدىيىسى قاپلىۋالغاچقا، ئۇلار كەلگۈسىدىكى نامراتلىقنىڭ ھەر خىل شەرت - شارائىتلىرىنى تەپسىلىي تەسۋىرلەپ، ياشاشقا يەتكۈدەك يېمەك - ئىچمەكنىڭ بولماسلىقىدىن ئەنسىرەيدۇ.

ھەمىشە نامراتلىقتىن قورقۇش، ئەجەلنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن باشتىن - ئاخىر ئەنسىرەش، جاپا - مۇشەققەتلىك كۈنلەرگە قېلىشتىن قورقۇش دىگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىڭىزنى ناخۇش قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئارزۇيىڭىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنىمۇ چەكلەپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەسلىدىنلا كۆتۈرەل- مەيۋاتقان ئېغىر يۈ- كىڭىزگە يەنە يۈك قوشۇلۇپ، ھېچقانداق ئى- جابىي ئۈنۈم بەرمەيدۇ. ئادەتتە، نامراتلار ئۆمۈربويى مال - مۈلكى ئاز ياكى مال - مۈلكى يوق ھالەتتە ئۆتىۋەرمەيدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ نۇقتىئىنەزىرى، ھېسسىياتى، ئۆزلۈك قارىشى، تەقدىرگە بولغان تونۇشى، ئالغا ئىنتىلىش ئىقتىدارى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇقەررەر سۈرئەتتە نامراتلىق ئامىلى مەۋجۇت بولىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلار كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئۆز - ئۆزىنى كەمسىتىش.

ئۇلارنى نامراتلىققا چۈشۈرۈپ قويغىنى دەل نامراتلىق ئىدىيىسى.

بىر كۈنى نېل مېنى ئىزدەپ كەلدى، مەن ئۇنىڭ

روھى چۈشۈپ كەتكىنىگە قاراپ ھازىرقى ئەھۋالىنى سورىدىم.

مۇشۇ سوئال بىلەن ئۇنىڭ ئىچىگە توشۇپ كەتكەن دەرد ـ ئەلەمنى قوزغاپ قويغاندەك بولدۇم، نىل مۇنداق دېدى:

— مەن ھازىر ئىشلەۋاتقان خىزمىتىمنى ئازراقمۇ ياقتۇرمايمەن، ئۇ مەن ئوقۇغان كەسپىكىمۇ توغرا كەلمەيدۇ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە بىكار يۈرۈيمەن، ئۇنىڭدىن باشقا، مائاشىممۇ بەك تۆۋەن، جان باققۇدەكلا پۇل تاپالايمەن.

مەن ھەيرانلىق بىلەن سورىدىم:

— مائاشىڭىز تۆۋەن تۇرۇپ، سىزگە يەنە نېمىشقا بىكار يۈرگەندەك بىلىنىدۇ؟

— مەندە قىلغۇدەك ئىش يوق دەيدىغان تۇيغۇ بار، سىز تەشەببۇس قىلغان مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئارزۇسىمۇ پەيدا بولمايدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى نىل نائىلاج.

— سىزنى قىلغۇدەك ئىشنىڭ بولماسلىقى، شۇنداقلا گۈزەل ئارزۇغا ئىگە بولالمىغانلىقىڭىز ئەمەس، بەلكى ئۆزىڭىزنىڭ نامراتلىق ئىدىيىسى چۈشەپ قويۇپتۇ. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھازىرقى ئورنىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقىڭىزنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇقلۇق، نېمىشقا باشقا بىلىملەرنى كۆپرەك ئۆگەنمەيسىز، بىلىم جۇغلىمايسىز، پۇرسەت تېپىپ ئورۇپ چىقىپ كەتمەيسىز؟

نىل يەنە ئاغرىنىشقا باشلىدى:

— مېنىڭ ئامىتىم قاچقان، ھەرقانداق ئامەت ماڭا باقمايدۇ.

مەن خورسىنىپ قويۇپ مۇنداق دېدىم:

— سىزنىڭ ئامىتىڭىز قاچقان ئەمەس، بەلكى سىز ياخشى پۇرسەتنى تىرىشچان ۋە ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ بۇلاپ كەتكەنلىكىنى ئۇقالمىغان، ئۆزىڭىزدىكى نامراتلىق ئىدىيىسىنىڭ كۆلەڭگىسىدىن ئەبەدىلئەبەد قۇتۇلالمىغان گەپ، بۇنىڭدا قانداقمۇ ئامىتىڭىز كەلسۇن!

ئىنچىكىلىك بىلەن ئويلاپ باقسام، ھەقىقەتەن شۇنداقكەن! ئۇ ۋاقىتنىڭ ھەممىسىنى غودۇڭشۇپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن، ئەمما ئاكتىپ روھىي ھالەت بىلەن ئۆزىگە بىر نىشان بەلگىلىۋېلىشنى ھەمدە ئۇنى ھەرىكىتى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغان.

باشقىلار خىزمىتى ۋە ئىستىقبالى ئۈچۈن ئالدىراپ يۈرۈۋاتقاندا، نىل بۇنىڭدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ھالدا ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتكەن ھەمدە خاتالىق رايونىدىن «سەكرەپ» چىقىشنى ئويلاشمىغان، نەتىجىدە، خاتالىق رايونىدىكى تۇرۇم ـ تۇرۇم ئىس ـ تۈتەكلەرنىلا كۆرگەن. ئەگەر بىر كىشى نامراتلىققا شۈكۈر قىلىپ، نامراتلىقنى نورمال ھالەت دەپ قارىسا، نامراتلىق ھالىتىدىن تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ قۇتۇلۇشنى ئويلىمىسا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان كۈچ ـ قۇۋۋەت ئۆزىنىڭ رولىنى يوقىتىدۇ، ئۇ ھاياتىدا ئەبەدىلئەبەد مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئارزۇسىغا ئىگە بولالمايدۇ، نام-



راتلىق ھالىتىدىن تېخىمۇ قۇتۇلالمايدۇ.

نامراتلىقنىڭ ئۆزى قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى نامراتلىق ئىدىيىسى، شۇنىڭدەك پېشانەمگە نامراتلىق پۈتۈلگەن، جەزمەن نامراتلىقتا قېرىپ ئۆلىمەن دەپ ھېسابلايدىغان خاتا قاراش.

پېشانەمگە نامراتلىق پۈتۈلگەن دەپ قاراش ھەقىقەتەنمۇ مۇتلەق بىر سەپسەتە. باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىمىز دېسەك، باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىش ئارزۇسىغا ۋە پوزىتسىيىسىگە ئىگە بولۇشىمىز، باي بولۇشنى ئويلىشىمىز، ئىدىيىدە ئۆزىمىزنى بايدەك سېزىشىمىز، سۆز ـ ھەرىكەتتە ئىشەنچىمىزنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن بەختلىك ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇرمۇشقا ئىگە بولالايمىز.

بىزنىڭ شەيئىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتىكى روھىي ھالىتىمىز ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش دەرىجىمىزدىن بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇۋەپپەقىيىتىمىزنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى مۆلچەرلىۋېلىشقا بولىدۇ.

ئەگەر سىز ھازىرقى ئىستىقبالىمدىن ئۈمىد يوق، ئەتراپىمنى قاراڭغۇلۇق قاپلىۋالدى دەپ قارىسىڭىز، ئۇنداقتا دەرھال كەينىڭىزگە بۇرۇلۇپ، باشقا ياققا مېڭىشىڭىز، ئۈمىدكە ۋە قۇياش نۇرىغا قاراپ ئىلگىرىلىشىڭىز، يەنە كېلىپ قاراڭغۇلۇقنىڭ كۆلەڭگىسىنى پۈتۈنلەي چۆرۈۋېتىشىڭىز كېرەك. بارلىق نامراتلىق ئىدىيىسى، گۇمانلىنىش ئىدىيىسىنى تېزلىكتە، تولۇق يوقىتىشىڭىز، كاللىڭىزدىكى بارلىق خۇنۇك، قايغۇلۇق تەسىراتلارنى ئۇنتۇپ كېتىشىڭىز، بۇنىڭ ئورنىغا نۇرانە، ئۈمىدلىك ۋە خۇشال تەسىراتلارنى دەسسىتىشىڭىز لازىم. بىز ئىجابىي ئارزۇلارنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىسەكلا، ئاخىرقى ھېسابتا نامراتلىق ھالىتىدىن قۇتۇلالايمىز.(05)

(غوپۇر قادىر تەرجىمىسى)

# باشلىققا دەيدىغانلىرىم

—— بايىت ئابابەكرى ——

ئۆزىڭىزنى چوڭ تۇتماڭ. چىقىشقاق، كەمتەر، كىچىك پېئىل بولۇڭ. ئۆزىڭىزچىلا كىبىرىڭىزنى كۆرسىتىپ، قاپىقىڭىزنى تۈرۈۋالماڭ. قول ئاستىڭىزدىكىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈڭ. ھەممەيلەنگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىڭ!

يىغىننى ئاز ئېچىڭ. يوقىلاڭ ئىشلارنى باھانە قىلىپ، يىغىن ئاچىمەن دەپ قول ئاستىڭىزدىكىلەرنىڭ ۋاقتىنى زايە قىلماڭ. گەپنى ئاز، ئەمەلىي ئىشنى كۆپرەك قىلىڭ.

نەپسىڭىزنى يىغىپ يۈرۈڭ. ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك، ئۆزىڭىز دائىم باشقىلارغا: «جاھاندا ھالال ياشىغان ئەۋزەل» دەيتتىڭىز. شۇنداق ئىكەن، ھالال ياشاشتا كادىرلارغا باشلامچى بولۇڭ.

كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولۇڭ. باشقىلارغا ئاداۋەت ساقلىماڭ. باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىڭ!

غۇرۇرىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ. ھەربىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ۋىجدان، غۇرۇر ئىنتايىن مۇھىم. پەسكەشلىك، تەخسىكەشلىك قىلىپ، ئوبرازىڭىزنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋالماڭ!

خىزمەتنى ئادىل ئىشلەڭ. پارتىيە، ھۆكۈمەت، خەلق سىزگە ئىشەنگەنىدىكىن، ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماڭ. خەلق ئۈچۈن كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىڭ.(05)

(ئاپتور: ئاتۇش شەھىرى ئۈستۈنئاتۇش يېزا پەيساكەن مەكتىپىدە)

«ھەممە كەنتلەردە كىتاب ئامبىرى قۇرۇش قۇرۇلۇشى» باشلانغان ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، غۇلجا ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، سىياسىي ـ قانۇن، مەنىۋى مەدەنىيلىك خىزمىتى، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرى، ئەدلىيە، مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە، سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش ئىدارىلىرى، شىنخۇا كىتابخانىسى قاتارلىق فۇنكسىيىلىك تارماقلار «ئۈچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش»، مەدەنىيەت تارقىتىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى. ھازىرغىچە ئاۋرال تېغى ئېتىكىدىكى 10 مىڭلىغان يېزا ـ قىشلاق ياشلىرىغا سىياسىي ـ ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا ساۋاتى، قانۇن ـ تۈزۈم، ساقلىقنى ساقلاش ساۋاتلىرى، پىلانلىق تۇغۇت بىلىملىرى، ئىنتىپاق پائالىيەتلىرى قاتارلىق 300 مىڭ يۈەنگە يېقىن قىممەتتىكى 100 خىلدىن ئارتۇق ئۇيغۇرچە، قازاقچە ۋە خەنزۇچە يېزىقتىكى كىتاب ـ ژۇرناللار يەتكۈزۈلۈپ، ياشلار ۋە ئىنتىپاق ئەزالىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى بېيىتىلدى. سۈرەتتە: ئۇنيار يېزا بۆلۈكەي كەنتىدىكى ياشلار قىشتىكى بوش ۋاقىتلىرىدا شاھمات ئوينىماقتا. (02)



(ئابدۇۋەلى ئەھمەدى خەۋىرى، فوتوسى)



قەشقەر شەھىرىدىكى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئاپەت رايونىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا بەس ـ بەستە ئوقۇش ماتېرىياللىرى ئىئانە قىلدى.

ئىئانە قىلىنغان 95 مىڭ 777 دانە دەپتەر، 170 مىڭ 541 دانە قېرىنداش، 5434 دانە قېرىنداش قۇتىسى، 5716 دانە سىزغۇچ، 5389 دانە سومكا، 9675 دانە ئۆچۈرگۈچ، 2000 قاپ بور، 17 مىڭ 319 دانە ئۈچبۇرگۈچ، 353 دانە خاتىرە، 7175 دانە قەلەم، 51 مىڭ 427 دانە دەرسلىك كىتاب 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئاپەت رايونىغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى. (02)

(قەشقەر شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن ئادىلجان ئابدۇقادىر فوتوسى، خەۋىرى)

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىنتىپاقنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، كەنت ئىنتىپاق ياچېيكا شۇجىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي ساپاسى ۋە كەسپىي ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئاقسۇ شەھەرلىك ئىنتىپاق كومىتېتى 2003 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن باشلاپ، يېزا ـ بازار، مەيدانلارنى بىرلىك قىلىپ، كەنت ئىنتىپاق ياچېيكا شۇجىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئۇيۇشتۇردى. كۇرستا پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتاي روھى ۋە ئىنتىپاقنىڭ كەسپىي بىلىملىرى، شۇنداقلا يېزا ياشلىرىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش، ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئايلىنىش بىلىملىرى ئاساسىي مەزمۇن قىلىندى. كۇرسقا شەھەرگە قاراشلىق 122 كەنت ئىنتىپاق ياچېيكىسىدىن 116 نەپەر ئىنتىپاق ياچېيكا شۇجىسى قاتناشتى. (02)

(ئاقسۇ شەھەرلىك ئىنتىپاق كومىتېتىدىن ئابدۇرېھىم ھامۇت خەۋىرى)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، غۇلجا ناھىيىلىك ئىنتىپاق كومىتېتى ياشلار ۋە ئىنتىپاق ئەزالىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بازارغا يۈزلىنىپ، قىرغاۋۇل، بۆدۈنە، كەكلىك، كەپتەر، قارا ئەنلىك توخۇ، قىزىل تۇمشۇقلۇق گۆشلۈك ئۆردەك قاتارلىق ئالاھىدە ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىش قىزغىنلىقىغا كۈچلۈك ئىلھام بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئۆي قۇشلىرى سودىسى جانلىنىپ، ياشلار ۋە ئىنتىپاق ئەزالىرىنىڭ قوشۇمچە كىرىمى كۆرۈنەرلىك ئېشىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيىتى جانلاندى. (02)

سۈرەتتە: دۆڭمازار سودا بازىرىدا قىزىپ كەتكەن كەپتەر سودىسى.



(ئابدۇۋەلى ئەھمەدى خەۋىرى، فوتوسى)

# رەھمەت ساڭا، ئانا يۇرت پەرىسى

ئەسەد مەسئۇدى

*پەيزاۋات، مەكىت، مارالبېشى ناھىيىلىرىدە يۈز بەرگەن ئېغىر ئاپەت كىشىلەرنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلانغان كۈنلەردە، تەھرىراتىمىز كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ياش - ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتىدىن مۇنداق بىر ئۇچۇرغا ئېرىشتى:*

*«ئىشتىن سىرتقى ياش ناخشىچى ئادىلە ئابلىز مارالبېشى ناھىيىسى چوڭقۇرچاق يېزىسىدا يەر تەۋرەش ئاپىتىدە ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلغان ئۈچ يېتىم بالىنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، زۆرۈر رەسمىيەتلەرنى بېجىردى.» تەھرىراتىمىز بۇ مۇناسىۋەت بىلەن چوڭقۇر ئاپىرىن ۋە قىزىقىش تۇيغۇسىدا ئادىلە ئابلىزنى زىيارەت قىلدى.*

ئادىلە ئابلىزنىڭ سەھنە ھاياتىدىكى تۇنجى مۇۋەپپەقىيىتى 1993 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەييارلىق سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا، مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «ناخشا - ئۇسسۇل چولپانلىرى» مۇسابىقىسىدە ئېيتقان «ئانا» ناخشىسى (تېكىستى ۋە مۇزىكىسىنى ئۆزى ئىشلىگەن) بىلەن ۋۇجۇدقا چىقتى. مۇسابىقىدە ئادىلە «ناخشا چولپىنى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۇ يىلى ئۇ ئەمدىلا 18 ياش ئىدى.

1994 - يىلى ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چەت ئەل تىلى فاكۇلتېتى ئىنگلىز تىلى كەسپىگە قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ئۆز كەسپىنى تىرىشىپ ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، ئۆزى كىچىكىدىن ئىشتىياق باغلىغان سەنئەت كەسپىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، 1994 - يىلى ئۆزى ئەڭ ئامراق تۈركچە ئاھاڭلارنى ئۇيغۇرچە تېكىست بىلەن ئېيتىپ، «ئاق قىز» ناملىق ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى تاماشىبىنلارغا تەقدىم قىلدى. 1994 - يىلى سېنتەبىردە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «شىنچىلىڭ» لوڭقىسىنى تالىشىش مۇسابىقىسىدە «ياشلىقىم» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، شۇ يىلى دېكابىردا پايتەختتە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك «چولپانلار» مۇسابىقىسىدە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا، 1995 - يىلى پايتەختتە ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭگو - ياپونىيە ياش - ئۆسمۈرلىرىنىڭ تېلېۋىزوردا ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى»دە ئالاھىدە شەرەپ مۇكاپاتىغا، 1995 - يىلى مارتتا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «شىنجاڭ 2 - نۆۋەتلىك ياشلار مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمى» «فولكلور لوڭقىسى»نى تالىشىش مۇسابىقىسىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 1995 - يىلى ئاپرېلدا گۇاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك «يىنتوڭ ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسى»دە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، پايتەختتە ئۆتكۈزۈلگەن «مەملىكەتلىك ناخشا، لەپەر مۇسابىقىسى»دە ئالاھىدە مۇكاپاتقا، 1996 - يىلى 4 - ئايدا پايتەختتە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك «شۇاڭخۇي لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1997 - يىلى 4 - ئايدا ۋېنگرىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق «كىنو سەنئەت فېستىۋالى» ۋە 1997 - يىلى ئۆكتەبىردە چېڭدۇدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمىغا تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، شەرەپ قوچۇپ قايتتى. 1998 - يىلى ئۆكتەبىردە ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونى بويىچە ئاۋمېندا ئۆتكۈزۈلگەن «ياشلارنىڭ 6 - نۆۋەتلىك ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسى»دە كۈمۈش مېدال بىلەن مۇكاپاتلاندى. ئۇنىڭ تەسىرلىك، شوخ ناخشىلىرى دەۋر ياشلىرىنىڭ جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھى، چىن دوستلۇق ۋە پاك مۇھەببەتكە بولغان ساداقەتمەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى، ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلگەن قۇتلۇق ديار ۋە ئانا تەبىئەتنى كۈيلىگەنلىكى، ئورۇنداش



ئۇسلۇبىنىڭ يېڭى ۋە ئۆزگىچىلىكى بىلەن تاماشىبىن-
لارنىڭ زوقىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالاتتى.

ئادىلەنىڭ سەنئەت تالانتىنى ئۇسۇپ يېتىلگەن ئا-
ئىلە مۇھىتىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى
ئابلىز ئاكا بىلىملىك ئادەم بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ
ھەربىي رايوندا تەرجىمان ئىدى. ئۇ سەنئەتخۇمار كىشى
بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى ماھارىتى خېلىلا يۇقىرى ئىدى.
ئادىلەنىڭ ئانىسى خۇرشىدە خانىم كىشىلەرگە تولىمۇ
تونۇشلۇق بولغان ئىستېداتلىق تېلېۋىزىيە خادىمى بو-
لۇپ، كۆپلىگەن تېلېۋىزىيە سەنئەت كېچىلىكىگە مۇ-
ۋەپپەقىيەتلىك رېژىسسورلۇق قىلىپ، كەڭ خەلق ئامما-
سىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئالىي مەلۇماتلىق ئايال
ئىدى. گۆدەك ئادىلەنىڭ سەبىي قەلبىدە گۈزەللىك، پاك-
لىق، ياخشىلىق، ئادالەتنى ياقلاش، ۋاپادارلىققا ئوخشاش
ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ بىخلىنىشىغا مومىسى مەرھۇمە
تۇرسۇنخان ئانىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر بولدى. موماي 30
يىللىق پېشقەدەم مائارىپچى ئىدى.

ئۇنىڭ سەنئەتكە بولغان ھېرىسمەنلىكى ۋۇجۇدىدا
سەنئەتچى، ئارتىس بولۇش ئىستىكىنى يالقۇنجىتىپ، ئا-
جايىپ شېرىن تۇيغۇلارنى ئويغىتىشقا باشلىدى. ئەپسۇس،
ئانىسىنىڭ ئۇنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئارزۇسى ئۇنى
ئارتىس بولۇش ئارزۇسىنى 2 ـ ئورۇنغا قويۇشقا قايىل
قىلدى. زىددىيەتلىك تۇيغۇلار ئىچىدە بىر ـ ئىككى كې-
چىنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە ئۆ-
زىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. ئاتا ـ ئا-
نىسىنىڭ ئەڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى ۋە ئەقىل ـ ئىدراكلى-
رىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆز ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرگەن ئادىلە
ئۆزى ھەۋەس قىلغان سەنئەت كەسپىدە ئارقا ـ ئارقىدىن
زەپەر قۇچۇش بىلەن بىرگە، ئىزچىل رەۋىشتە كەسپىي
ئۆگىنىشنى 1 ـ ئورۇنغا قويۇپ ماڭدى.

1998 ـ يىلى، ئادىلە ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئوقۇشىنى ئەلا
نەتىجە بىلەن تاماملاپ، شىنجاڭ جۇڭگو ساياھەتچىلىك
مەركىزىگە ساياھەت يېتەكچىسى بولۇپ تەقسىملەندى. ئۇ
ئۆز خىزمىتى ۋە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ھەۋەسىدىن
ئىبارەت ئىككى كەسپىنىڭ ئىككىلىسىدە نەتىجە قازى-
نىشقا بېرىلىپ كەتتى.

2003 ـ يىلى يانۋاردا ئۇ گوللاندىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە،
ئىسپانىيە، بېلگىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بولغان
قىسقا مۇددەتلىك ساياھىتىنى (ئۆز خىراجىتى بىلەن)
باشلىدى.

ئۇ بىر ئايلىق ساياھىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، زور مەنى-
ۋى ھاسىلات ۋە ئانا يۇرتىغا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىدا
ئالدىراش قايتىپ كەلدى. ئەمما پەيزاۋات، مارالبېشى، مە-
كىت ناھىيىلىرىدە ئېغىر يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بېرىپ،
يەرلىك ئاھالىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتاتقانلىقىدىن خەۋەر
تاپقاندا، ئۇنىڭ كۆڭۈللۈك تۇيغۇلارغا تولغان قەلبى غەش-
لىككە پاتتى. ئۇ شۇ ھامان بارلىق خۇسۇسىي ئىشلىرىنى
قايرىپ قويۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى
ياش ـ ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتىگە كې-
لىپ، مارالبېشى چوڭقۇرچاق يېزىسىدىن سەككىز ياشلىق
پاتىگۈل ھېزىم (ئاتىسى قازا قىلغان)، يەتتە ياشلىق ئوبۇل
مۆمىن (ئاتىسى قازا قىلغان)، يەتتە ياشلىق بۇخەلىچە
ھەسەن (ئانىسى قازا قىلغان) قاتارلىق ئۈچ ئۆسمۈرنىڭ
ئوقۇش خىراجىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى ئەنگە
ئالدۇردى.

«قىلغىنىم گەرچە ئانچىكى ياردەم بولسىمۇ، ھەرھالدا
يۇرت پەرزەنتىنىڭ ئانا يۇرت ۋە ئەزىز خەلقىنىڭ مې-
ھىر ـ شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرۇش كۆڭلى بولۇپ قالار»
دېدى ئۇ مۇخبىرغا.

مۇخبىر بۇنىڭدىن كېيىنكى پىلانلىرى ۋە ئوقۇرمەن-
لەرگە قانداق سۆزلىرى بارلىقىنى سورىغاندا، ئادىلە ئۆزى-
نىڭ يېقىندا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئەدەبى-
يات ـ سەنئەت بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ بارغانلىقىنى، بۇنىڭ-
دىن كېيىن ئالدى بىلەن ئۆز كەسپىنى پۇختا ئىگىلەپ،
خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا ئۆزىنىڭ ئىنگلىز
تىلىنى بىلىشتەك ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ،
پروگراممىلاردا يېڭىلىق يارىتىشنى 1 ـ ئورۇندا قويىدى-
غانلىقىنى ۋە مۇشۇ يىل ئىچىدە شەخسىي ناخشا پلاس-
تىنكىسىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلىقىنى
ئېيتتى. ئۇ يەنە سەنئەتنىڭ ئۆزىنىڭ 2 ـ كەسپى بولۇشى
تۈپەيلى 1 ـ كەسپىگە بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، «پاكلىق
ئىززىتىم»دىن كېيىن ھازىرغا قەدەر ئىككى يىل مابەينىدە
ئۆزىنىڭ ناخشىسىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان تاماشىبىنلار
ھۇزۇرىغا ۋاقتى ـ ۋاقتىدا، يېڭى ـ يېڭى زوق بەخش ئې-
تەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەپۇ سورايدىغانلىقى، بۇنىڭدىن
كېيىن تەنقىد، تەكلىپ، تەلەپ ۋە پىكىرلەرنى قوبۇل قى-
لىپ، چوقۇم ئۇلار كۈتكەن يەردىن چىقىشقا تىرىشىدى-
غانلىقىنى بىلدۈردى. (02)



# دوستلۇقمۇ ياكى مۇھەببەتمۇ

—— ئازاد نىزامىدىن ——

—ئادەتتىكى ئۇنىڭ بىلەن دىيىشمەيدىغان گېپىمىز يوق، بىراق ئۇ كۆڭلۈمنىڭ ئۇنىڭغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلەمدىغاندۇ؟

—ئۇ ھەممە جەھەتتە ناھايىتى ئوڭلۇق، ئۇنىڭ قەلبىدە ماڭىمۇ بىر كىشىلىك ئورۇن بارمىدۇ؟

—ئۇ مېنىڭ دوستلۇق يۈزىسىدىن قىلغان ياردەملىرىمنى ماڭا كۆڭلى بار ئىكەن دەپ خاتا چۈشىنىپ قالدىمۇ ـ قانداق؟

—ئۇنىڭ ماڭا قىلىۋاتقانلىرى دوستلۇقمىدۇ ياكى مۇھەببەتمىدۇ؟

كىشىلىك تۇرمۇشقا ئەمدىلا قەدەم قويۇۋاتقان بەزى يىگىت ـ قىزلار يۇقىرىقىدەك سوئاللار ئالدىدا گاڭگىراپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالىدۇ. يەنە بەزىلىرى قارشى تەرەپنىڭ دوستلۇق ئۈچۈن قىلغانلىرىنى مۇھەببەت دەپ خاتا چۈشىنىۋېلىپ، بىھۇدە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالىدۇ. بەزى يىگىت ـ قىزلار بولسا قارشى تەرەپ ئىپادىلەۋاتقان مۇھەببەت ئۇچۇرلىرىنى دوستلۇق دەپ قاراپ، كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى بىر لايىقتىن مەھرۇم بولۇپ ھەسرەت چېكىدۇ. بەزىدە يىگىت ـ قىزلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە دوستلۇق بىلەن مۇھەببەت پەرق ئەتكۈسىز دەرىجىدە سىڭىشىپ كېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ دوستلۇق بىلەن مۇھەببەتنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. چۈنكى دوستلۇق مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ، لېكىن مۇھەببەت دوستلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇنداق بولسا، يىگىت ـ قىزلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ دوستلۇق ياكى مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى قانداق پەرقلەندۈرۈش كېرەك؟

ئەي قىز، سىز ئۇنىڭ بىلەن دوستمۇ ياكى ئۇنىڭغا ئاشىقمۇ؟

**ئەگەر سىز ئۇنىڭ بىلەن دوست بولسىڭىز** ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغاندا كۈنلىرىڭىز ناھايىتى خۇشال ئۆتىدۇ؛ قانداقلا جاي بولمىسۇن ئۇلا بولىدىكەن، سىزگە زېرىكىشلىك بىلىنمەيدۇ؛ سىز ئۈچۈن ئۇ بىر سىرداش دوست، ئۇنىڭغا ئىچ ـ قارنىڭىزدىكى بارلىق دەرد ـ ئەلەملىرىڭىزنى تارتىنماي تۆكەلەيسىز؛ تولا چاغلاردا ئىككىڭلارنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقىدۇ، قىزىقىش ـ ھەۋەسلەر، ھېس ـ تۇيغۇ، چۈشەنچەڭلار كۆپىنچە ئوخشاش بولىدۇ؛ كۆپىنچە ھاللاردا بىر ـ بىرىڭلارغا ھەمدەمدە بولىسىلەر.

**ئەگەر سىز ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسىڭىز** سىز قەلبىڭىزنىڭ ئۆزىڭىزمۇ بىلمىگەن ھالدا ئۇنىڭغا باغلىنىپ قالغانلىقىنى بايقايسىز، ئۇنى كۆرمىگەن چېغىڭىزدا يۈرىكىڭىز تىنىمسىز تىپىرلاپ، ئۇنى كۆرۈشكە تەشنا ـ تەقەززا بولىسىز؛ ئۇنى كۆرگەن چېغىڭىزدىلا كۆڭلىڭىز ئارامىغا چۈشۈپ، شادلىنىپ كېتىسىز؛ ئۇنىڭدىن ھەر كۈنى تېلېفون كەلسىكەن دەپ تىلەپ كېتىسىز، تېلېۋىزور، كىنو كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىسىز؛ كىيىنىش ـ ياسىنىشلىرىڭىزنى، گەپ ـ سۆز، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىڭىزنى ئۇنىڭغا ياققۇدەك قىلىپ ئۆزگەرتىسىز؛ ئۇنىڭ كەمچىلىك ـ نۇقسانلىرى سىزگە ئارتۇقچىلىق بولۇپ كۆرۈنىدۇ؛ ئۇنىڭ خۇشاللىقى سىزنىڭ خۇشاللىقىڭىز، ئۇنىڭ قايغۇ ـ ئەلەمى سىزنىڭ قايغۇ ـ ئەلەمىڭىز بولىدۇ؛ ئۇ سىزدىن باشقا قىزلار بىلەن ئارىلاشسا ياكى ئالاقە قىلسا،

ھەسەتخورلۇقىڭىز تۇتۇپ، يۈرەكلىرىڭىز مۇجۇلغاندەك بولۇپ كېتىسىز، ئۇنى ئۆزۈمگە قارىتىۋالسام، ئۇنىڭ كۆڭلىدە پەقەت مەنلا بولسام دەپ ئويلايسىز، ئۇ ياكى ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئاغرىق ـ سىلاق تارتىپ قالسا، تىت ـ تىت بولىسىز ۋە داۋاملىق يوقلاپ تۇرىسىز.

**ئەگەر ئۇنىڭ كۆڭلى سىزگە چۈشمىگەن بولسا** سىز بىلەن ئۇچرىشىشقا ئۆزىنى ئانچە ئۇرۇپ كەتمەيدۇ؛ ئۇچرىشىپ قالساڭلارمۇ گەپ ـ سۆزۈڭلار تېزلا تۈگەپ، سالام ـ سەھەت قىلىش بىلەنلا تاماملىنىدۇ؛ تېلېفون نومۇرىڭىز ۋە ئادرېسىڭىز قاتارلىقلارنى سورىمايدۇ، سورىغان تەقدىردىمۇ ئۇگايلا ئۇنتۇپ قالىدۇ؛ تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى ۋە باشقا مۇھىم بايراملارنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ؛ سىزگە ئانچە بەك سوۋغات بېرىپ كەتمەيدۇ، بەرسىمۇ ئەرزان سوۋغات بېرىدۇ؛ ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە ئەل ـ ئاغىنىلىرى توغرۇلۇق سىزگە ئانچە بەك كۆپ ئېغىز ئاچمايدۇ؛ سىزنىڭ ئائىلىڭىزدىكىلەرگە، خىزمەت ۋە باشقا ئىشلىرىڭىزغا ئانچە بەك كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ.

**ئەگەر ئۇ سىزنى ياقتۇرۇپ قالغان بولسا** ئۇ ئەتراپىڭىزدىن ئەگىپ كېتەلمەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن تولا ئۇچرىشىپ قېلىشىڭىز ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرغانلىقىدىن بولغان؛ پۇرسەت بولسىلا ئۇ سىزنى ئۇچرىشىشقا تەكلىپ قىلىپ تۇرىدۇ؛ سىزنىڭ تېلېفون نومۇرىڭىزنى، ئادرېسىڭىزنى بىلىشكە بەك قىزىقىدۇ؛ سىزنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇش، كىيىنىشلىرىڭىزگە بەكرەك دىققەت قىلىدۇ، بۈگۈنى چېچىڭىزنىڭ پاسونىنى ماختىسا، ئەتىسى كىيىمىڭىزنى ماختايدۇ؛ باشقا ئوغۇللار بىلەن قويۇقراق ئارىلىشىپ ئۆتسىڭىز، ئۇنىڭ ئىچىنىڭ ئاچچىق بولۇۋاتقانلىقى مانامەن دەپلا بىلىنىپ قالىدۇ؛ سىزنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان مۇئامىلىڭىز ئۇنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ ئۇ سىزگە چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۆزىنى تېخىمۇ تۈزەپ يۈرىدىغان بولىدۇ؛ ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن سىزگە سوۋغات بېرىپ تۇرىدۇ؛ تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى ۋە ئىككىڭلار تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان كۈننى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ؛ سىزنىڭ مۇنداقلا دەپ قويغان بەزىبىر كىچىك ئارزۇ ـ تىلەكلىرىڭىزگە يەتكۈزۈپ، سىزنى تويۇقسىز خۇش قىلىۋېتىدۇ؛ بىرەر ئىش بىلەن باشقا يەرگە كەتكەندە، سىزگە ھەر كۈنى دېگۈدەك تېلېفون بېرىپ تۇرىدۇ ۋە سوۋغات ئالغاچ كېلىدۇ.

(يىگىتلەرگە نىسبەتەن) ئۇنىڭ سىزگە كۆڭلى بارمۇ ـ يوق؟

**ئەگەر ئۇ سىزنى دوست دەپ قارىغان بولسا** سىزنىڭ يېقىنچىلىقلىرىڭىز ۋە ماختاشلىرىڭىزدىن ئۇ ئانچە ھەيران قالمايدۇ؛ سىز بىلەن بىرگە تاماققا چىققاندا ياكى باشقا ئىشلاردا پۇلنى ئۆزى تۆلەيدۇ؛ سىزنىڭ سوۋغىتىڭىزنى ئاسانلىقچە قوبۇل قىلمايدۇ؛ ئۇنىڭغا كۆڭلىڭىز بارلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغىنىڭىزدا، «ئىككىمىز ياخشى دوست» دېگەندەك گەپلەر بىلەن تېمىنى باشقا ياققا بۇرىۋېتىدۇ؛ ئۇنىڭغا يازغان مۇھەببەت خېتىڭىز سۇغا چۈشكەن تاشتەكلا يوقاپ جاۋابسىز قالىدۇ، قايتا كۆرۈشۈشكە چاقىرسىڭىز پەقەت ئۇنىمايدۇ ياكى ئۆزىنى سىزدىن ئەتەي قاچۇرىدۇ.

**ئەگەر ئۇنىڭ سىزگە كۆڭلى چۈشۈپ قالغان بولسا** سىزنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىڭىز ئۇنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، چاقچاق قىلىپ ئېيتقان بىر ئېغىز گېپىڭىز ئۇنى يىغلىتىۋېتەلەيدۇ ياكى ئۇنى بىر ماختاپ قويسىڭىز، بىر كۈن كەچكىچە خۇشال يۈرگەن؛ ئۇنىڭغا بىرەرنەرسە سوۋغا قىلسىڭىز، خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ ۋە سوۋغىڭىزنى سوۋغا بىلەن قايتۇرىدۇ؛ مۇھەببەت خېتىڭىزگە جاۋاب قايتۇرمىغىنى بىلەن، ئۇنىڭ بىلەن قايتا ئۇچراشقىنىڭىزدا ئۆزىنى ھەرگىز سىزدىن ئېلىپ قاچمايدۇ؛ كىنو كۆرۈش، ئولتۇرۇش دېگەندەك ئىشلارغا تەكلىپ قىلسىڭىز تارتىنىپراق ماقۇل بولىدۇ؛ ئۆيىدىكىلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن سىزنى خەۋەردار قىلىپ تۇرىدۇ؛ خىزمىتىڭىزگە، ئۆيىڭىزدىكىلەرگە ۋە باشقا ئىشلىرىڭىزغا كۆڭۈل بۆلۈپلا تۇرىدۇ، بەزى ئىشلارنى دېمىسىڭىزمۇ قىلىشىپ بېرىدۇ؛ سىز بار سورۇنلاردا دائىم رەتلىك، چىرايلىق كىيىنىدۇ؛ ئىككىڭلار بىللە بولغان چېغىڭلاردا گەرچە سىز گەپ قىلمىسىڭىزمۇ، ھەر ئىككىڭلارنىڭ قەلبى شېرىن ۋە گۈزەل ھېس ـ ـ تۇيغۇغا چۆمىدۇ.

قىسقىسى، دوستلۇق بىلەن مۇھەببەت ھەم بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق، ھەم بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل ھېسسىيات. قىز ـ ئوغۇللار ئارىسىدىكى دوستلۇق بەزىدە تەرەققىي قىلىپ مۇھەببەتكە ئايلىنىشى مۇمكىن. شۇنداقلا، پاراللېل تۈز سىزىقلار مەڭگۈ بىر ـ بىرى بىلەن كېسىشمىگەندەك، قىز ـ ئوغۇللار ئارىسىدىكى دوستلۇق مەڭگۈ مۇھەببەتكە ئايلانماسلىقىمۇ مۇمكىن. (09)

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى 2001 ـ يىللىق خەنزۇ تىلى سىنىپىدىن)

# تاشبادام، سۈنئىي گىلەم ۋە باشقىلار

نۇرئېلى ھىدايەت

مەلۇم بىر ماتېرىيالدىكى مۇنۇ دىئالوگلار مېنى قاتتىق ئويغا سالدى. بىر كىشى باققالنىڭ ئالدىغا كېلىپ بادامنىڭ باھاسىنى سورىغاندا، باققال:

—بۇ دېگەن ئەپەندىلەر سېتىۋالىدىغان بادام،— دەپتۇ. خېرىدار ھەيران بولۇپ سەۋەبىنى سورىغاندا، تاشبادام قاتتىق ھەم ئەرزان بولغاچقا، قالغان باداملارغا قارىغاندا كۆپرەك مېھمان ئۇزاتقىلى بولارمىش، شۇڭا ئۇنى پەقەت ئوقۇتقۇچىلارلا سېتىۋالغۇدەك.

يەنە بىرى، مەلۇم بىر گېزىتتىكى تەنقىدكە ئۇچرىغان بىر ئىش مېنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈردى. گىلەم ساتىدىغان سودىگەرنىڭ گىلەم كۆرۈۋاتقان خېرىدارغا: «قارىسام ئوقۇتقۇچىغا ئوخشىمايلا ئەپەندى، خەقنىڭ گىلىمىنى كۆرمەي، ماۋۇ يۇڭ گىلەملەرنى كۆرۈپ باقسىلا» دەپ، خېرىداردىن باشقا گىلەملەرنى كۆرۈپ بېقىشنى سوراپتۇ.

تۇۋا، شۇمۇ سودىگەر بولدىمۇ؟ بىر قىسىم تىجارەتچىلىرىمىزدە نېمە ئۈچۈن سۆز ئەخلاقى يوق؟ ئەجەبا، ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولغان ئوقۇتقۇچىلار ئاشۇنداق «تاشبادام»، «نىلون گىلەم» سېتىۋالىدىغان ئورۇنغا چۈشۈپ قالدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئوبرازى شۇنچىلىكمۇ؟ ئۇلار «تاشبادام» سېتىۋالسا نېمە بوپتۇ؟ «يۇڭ گىلەم» ئالالمىسا نېمە بوپتۇ؟ بۇ «باي»، «سودىگەر»لەر ئۆزىنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ دىلىنى يورۇتقۇچى ئۇلۇغ ئىنسانلىرىمىزنى شۇ سەۋەبلىك «نامرات» كۆرۈشكە نېمە ئاساسى بار؟ تىجارەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتساقمۇ، تىجارەتچى دېگەن خېرىدار ئالماقچى بولغان تاۋارنى ماختىماي، «بۇنى ئوقۇتقۇچى سېتىۋالىدۇ» دەپ ساتقىنى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئۇلاردا ئەقەللىيسى تىجارەت ئەخلاقى دېگەن نەرسە يوقمۇ؟ ئوقۇتقۇچى سېتىۋالغان تاۋار ئاشۇنداق ناچار، ئەرزان باھالىق بولسا، ئۇنداقتا ئۇنى نېمىشقا بازارغا سالىدۇ؟ بۇ تاۋارلارنى «ئىقتىسادى ناچار كىشىلەر سېتىۋالىدۇ» دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ئالايىتەن ئوقۇتقۇچىنى نەقىل كەلتۈرۈپ كەتمىسىمۇ بولاتتىغۇ؟

مەن يەنە بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، بۇلتۇر كۈزدە بىز پراكتىكا قىلىش ئۈچۈن ناھىيەدىن يىراقراق بولغان بىر يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىگە چۈشتۇق. ئۇ جاي ئەسلىدىنلا نامرات، ئاھالىسى كەمبەغەل بولغاچقا، بالىلار كىتاب پۇلى ۋە ئوقۇش پۇلىنى تاپشۇرۇشتا قىينىلىدىكەن، بۇنداق ۋاقىتتا ئوقۇتقۇچىلار ئىقتىسا



دى ناچار ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب ـ بەدەل پۇللىرىنى خالىس نىيەت ۋە تەمەسىز هالدا ئۆز يېنىدىن تۆلىۋېتىدىكەن.

ئەجەبا ئۇلار بايمىدۇ؟ هەر ئېيىغا مىڭلاپ، ئونمىڭلاپ پۇل كىرىدىغان مىليونېرمىدۇ؟ ئۇلارمۇ ئوقۇتقۇچىغۇ؟ ئۇلارنىڭ مانا مۇشۇنداق مەرد، سېخىي كىشىلىرىمىزنى نامرات دېيىشكە يۈزى قانداق چىدايدۇ؟

قەغەز بادام يەپ، زىلچا گىلەم ئاسىدىغانلار «پۇلۇم كۆپ» دەپ ئۆزىنى باي هېسابلىغىنى بىلەن، شۇ جاپاكەش، مېهنەتلىك، مىننەتسىز ئوقۇتقۇچىلاردەك بىرەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش چىقىمىنى كۆتۈرەلەپتىمۇ؟ ئۇلار چوڭ گەپ قىلغىنى بىلەن، قان ـ تەر بەدىلىگە كەلگەن هالال بايلىقىنى ـــ پۇلىنى نۇرتاي هاجى، «30 نەپەر مېهرىبان ئانا»، ماهىرجان ۋە ئۇلاردىن باشقا ساخاۋەتلىك مەرىپەتپەرۋەر سودىگەرلىرىمىزدەك، زىيالىيلىرىمىزدەك مائارىپقا خەجلىيەلەمدۇ؟ بۇنداق چوڭ گەپنى قويۇپ تۇرايلى، شۇ باققال، شۇ گىلەمچىلەرنىڭ بالىلىرى كىتاب، بەدەل پۇلىنى سورىغاندا كاچىتىغا سالىدىغانلىرى ئازمۇ؟ ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس! ...

بىلىمىسىز، «نېنى كىچىك ناۋاي بەك ۋارقىرايدۇ، يېرىم چېلەك سۇ بەك شالاقشىيدۇ» دەپ، ئوقۇتقۇچىلارنى تۆۋەن كۆرىدىغان بەزى «باي»، «نوچى»لىرىمىز تاپقان پۇلىنى ئەهمىيەتسىز، چاكىنا، بىمەنە ئىشلارغا خەجلەيدىغان ئاز بىر قىسىم كىشىلەردىنلا چىقىدۇ. ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلىرىمىزدىن هەرگىز بۇنداق تېتىقسىز زۇۋان چىقمايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئوقۇتقۇچىلىق ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس. سەمىمىزدە بولسۇنكى، ئوقۇتقۇچى مەنىۋى جەهەتتە ئەڭ باي كىشىلەرنىڭ بىرى. ئوقۇتقۇچىنى هاقارەتلەش ياكى ناباب ئىشلارغا شىپى كەلتۈرۈش ئەڭ يارامسىز، ئەڭ چاكىنا ئادەملەرنىڭ ئادىتى. (06)

(ئاپتور: قەشقەر يېڭىشەهەر ناهىيە بارىن يېزا 3 ـ كەنت 2 ـ مەهەللىدىن)


## دورا ماتېرىياللىرى ئۇرۇقى

كارخانىمىز جۇڭگىيى دورا ماتېرىياللىرىنى تېرىش، تەتقىق قىلىش، ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش، كېڭەيتىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىۋېلىشنى بىر گەۋدە قىلغان پەن تەتقىقات ئاپپاراتىدۇر. بىرقانچە يىلدىن بېرى كارخانىمىز ئېتىزدا، پارنىكتا، پالوبىدا، ئۆي ئىچىدە تېرىپ ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدىغان نەچچە ئون خىل دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى، بۇ خىل دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىش ۋە باشقۇرۇش ئوڭاي بولۇپ، جەنۇب ـ شىمالدا تېرىپ ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدىغان داڭلىق دورا ئۆسۈملۈكلىرىدۇر. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئەڭ ياخشى تېرىش پەيتى 2 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە، 8 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە بولۇپ، ياۋروپا ئادەمگىياھى (黑红参)نى تېرىپ 70 كۈندىن 90 كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا هەر موسىدىن سەككىز كىلوگرامدىن ئون كىلوگرامغىچە هوسۇل ئالغىلى بولىدۇ، هەر كىلوگرامىنىڭ هازىرقى بازار باهاسى 3800.00 يۈەن، پوفۇلەن (泊夫兰)نى تېرىپ 60 كۈندىن كېيىن هەر موسىدىن ئىككى كىلوگرامدىن ئۈچ كىلوگرامغىچە هوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. هەر كىلوگرامىنىڭ سېتىۋېلىش باهاسى 28 مىڭ 500 يۈەن، تيەنما (天麻)نى تېرىپ 100 كۈندىن كېيىن هەر كۋادرات مېتىرىدىن 15 ـ 20 كىلوگرام دورا يىغىۋالغىلى بولىدۇ. هەر كىلوگرامىنىڭ سېتىۋېلىش باهاسى 3800 يۈەن، بۇنىڭدىن باشقا تېرىغۇچىلارنى هەر موسىنىڭ مەهسۇلات قىممىتى 9000 يۈەنلىك ساۋخۇڭخۇا (草红花)، دۇڭچۇڭشياساۋ (冬虫夏草)، شيەنرېنسەن (仙人伞)، سەيخۇ (柴胡)، ياۋزاۋ (药枣) قاتارلىق 80 خىلدىن كۆپرەك ماتېرىيالنىڭ ئۇرۇقى بىلەن تەمىنلەيدۇ، تېخنىكا جەهەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. سىز يەر ۋە كۈچ چىقىرىسىز، دورا ماتېرىيالىنى ئىدارىمىز يىغىۋالغاندىن كېيىن، پايدىنىڭ توققۇز ئۈلۈشىنى سىز ئالىسىز، بىر ئۈلۈشىنى بىز ئالىمىز، بەش يىللىق مەهسۇلاتىنى سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالايمىز. بۇ ئۆسۈملۈكنى ئۆستۈرگۈچىلەرنىڭ تېخنىكا مەسىلىسىنى تولۇقتىن هەل قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، VCD ئاپپاراتىدىن بىرنى، باشقۇرۇش، پىششىقلاپ ئىشلەش پلاستىنكىسى ۋە V8088 تىپلىق يانفوندىن بىرنى «يۇقىرى مەهسۇلاتلىق جۇڭگىيى دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى ئۆستۈرۈش يېڭى تېخنىكىسى» دېگەن VCD پلاستىنكىسىدىن بىر يۈرۈش هەدىيە قىلىدۇ. هەمكارلاشقىڭىز بولسا تېلېفون ئۇرۇڭ.

营业执照号: 4112243011018 种子经营许可证号: 126058 邮购许可证号: 41122450119 邮编: 472200. 联系单位: 河南省卢氏县名优中药材良种推广站 联系人: 张春花 电话: 0398 -7873751, 7881317 传真: 0398 - 7881317

(ئەسكەرتىش: ئەۋەتكەن خېتىڭىز ۋە ئادرېس چوقۇم خەنزۇچە يېزىلىشى لازىم.)



ئەركىن ئەمەت (تۇركان)

# ياۋروپا بىزدىن قانچىلىك يىراق

20 ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇر خەلقى ئە-

چىدىن نۇرغۇن ياشلار چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇپ

كىردى. بولۇپمۇ يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن

بۇيان چەت ئەلگە ئوقۇش ۋە تۇغقان يوقلاش،

ساياھەت، ھەج پائالىيىتى ۋە سودا ئىشى بىلەن

چىققانلارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ بولدى. بۇ

جەرياندا نۇرغۇن كىشىلەر، بولۇپمۇ زىيالىيلار،

يازغۇچىلىرىمىز چەت ئەلدىكى تەسىرات، ھېس ـ

تۇيغۇلىرىنى ساياھەت خاتىرىسى شەكلىدە يېزىپ،

كەڭ كىتابخانلارنىڭ دىققىتىگە سۇنۇشتى، بۇ

ساياھەت خاتىرىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئۇزاق يىل

بېكىنمە ھالەتتە ياشاپ، نامرات تۇرمۇشقا كۆنۈك-

كەن خەلقىمىزنىڭ نەزەر دائىرىسىنى زور دەرى-

جىدە ئېچىپ، كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىدىغان

تاشقى دۇنيانىڭ يېڭى ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىن-

لەپ، كىشىلىرىمىزنىڭ چاڭقاش ھالىتىدە تۇرۇ-

ۋاتقان چەت ئەل ئۇچۇرلىرىنى ئىگىلەش ئارزۇ-

سىغا ياندىشىپ، ئۇيغۇر پىسخىكىسى، قىممەت

قاراشلىرى نەزەردە تۇتۇلۇپ يېزىلغان ساياھەت

خاتىرىلىرى ئومۇمەن خەلقىمىزنىڭ زور قىزىقى-

شىنى قوزغاپ، ئىشتىياق بىلەن ئوقۇشقا مۇيەس-

سەر بولىدىغان بىر تېمىغا ئايلىنىپ قالدى. گەر-

چە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىچكى ئۆلكىلەردىكىدەك

90 ـ يىللاردىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ چەت ئەلدىكى

ھايات مۇساپىسى تەسۋىرلەنگەن «بېيجىڭلىقلار

نيۇ ـ يوركتا»، «شاڭخەيلىكلەر توكيودا» دېگەن-

دەك داغدۇغا قوزغىغان ئەسەرلەر مەيدانغا كەلمە-

گەن بولسىمۇ، بىراق مۇشۇ يېقىنقى يىللاردا چەت

ئەلگە چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى،

تۇرمۇش تەسىراتلىرى، ھېس ـ تۇيغۇلىرى، سايا-

ھەت خاتىرىسى شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ،

بىرمۇنچە نادىر ساياھەت خاتىرىلىرى ئاشۇ ئىچكى

ئۆلكىلەردىكى داڭلىق ئەسەرلەرگە ئوخشاش زور

تەسىر قوزغىغانىدى. ساياھەت خاتىرىلىرى

ئاپتورلىرى ئۇيغۇر ئاۋام خەلقىگە تېخىچە ئومۇملەشالمايۋاتقان ماكرو ئىقتىساد، خەلقئارا ئىقتىساد، ئاساسلىقى يېقىنقى ماھىيەتلىك ئۇچۇر ۋە تەپسىلاتلار تېخىمۇ ئازادىرەك ۋە تەپسىلىيرەك تونۇشتۇرسا تېخىمۇ ياخشى بولار ئىدى. بولۇپمۇ ھازىرقى بازار ئىگىلىكى دەۋرىدە غەرب دۆلەتلىرى ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش ۋەزىيىتى ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ھەم ئۇنىڭ ستاتىستىكىلىرى ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇرراق يېزىلسا، خەلقىمىز ئۈچۈن ئىجابىي ئەھمىيىتى تېخىمۇ زور بولاتتى.

بىزنىڭ ئىختىساسلىقلىرىمىز بىلىم ئېلىۋاتقان ۋە ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلىرىمىز ئېكسكۇرسىيىگە چىققان ياۋروپا، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ كۆپىنچىسى تەرەققىي قىلغان كونا سانائەت دۆلەتلىرى، بۇ دۆلەتلەرنىڭ سانائەتلىشىش مۇساپىسىنى تاماملاپ بولغىنىغا يۈز نەچچە يىل ياكى نەچچە ئەۋلاد ۋاقىت بولغان، ئەڭ دەسلەپ سانائەتلەشكەن ئەنگلىيە 1750 ـ يىلىدىكى سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى 50 يىلدا سانائەتلىشىشنى ئاساسەن تاماملىغان. فرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق ئەللەرمۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە سانائەتلىشىش باسقۇچىنى تاماملاپ بولغان. ئامېرىكىمۇ 1895 ـ يىلى تۇنجى بولۇپ ئەنگلىيىدىن ئېشىپ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ سانائەت دۆلىتى ۋە ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلانغان. 1750 ـ يىللىرى ياۋروپا ئەللىرى بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىچە سانائەتلىشىش دەرىجىسى ئاساسەن ئوخشاش بولغان بولسا، 1900 ـ يىلغا كەلگەندە مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان سانائەتلىشىش دەرىجىسى ياۋروپانىڭ 18 /1 قىسمىغا توغرا كېلىپ قالغان، ئەنگلىيىنىڭ 50 /1 قىسمىغا توغرا كەلگەن. نۆۋەتتە تەرەققىي قىلغان ياۋروپا، ئامېرىكا، ياپونىيەلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 20 ـ 30 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئارىسىدا بولماقتا. ئەڭ باي شۋېتسارىيىنىڭ بولسا ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 40 مىڭ دوللاردىن يۇقىرى ھالەتكە يەتكەن، ئەمما مەملىكىتىمىزنىڭ 2002 ـ يىلىدىكى ئوتتۇرىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 800 دوللاردىن سەل ئاشقان. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن تۆۋەن. جەنۇبىي شىنجاڭغا جايلاشقان ناھىيىلەردە ئاپتونوم رايون بويىچە ۋە مەملىكەت بويىچە نامرات ناھىيىلەرنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتىن ئويلاشقاندا، ساياھەت خاتىرىلىرىدىكى سېلىشتۇرۇلغان ئاشۇ ناھىيە، يېزىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 500 ـ 600 دوللاردىن ئاشمايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى 20 نەچچە يىل مابەينىدە ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشى بىلەن قولغا كەلگەن، شۇنداقلا ياۋروپا، ئامېرىكا، ياپونىيە ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادىي مۆجىزىسىمۇ بىر يولىلا ئاسماندىن ئاپىرىدە بولغاندەك ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان ئەمەس، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا يول ئېچىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ھەرقايسى ئەللەردە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئىدېئولوگىيە ئىنقىلابى، يېڭىلىقتا كۆچۈش ھەرىكەتلىرى، زېمىننى قانغا بويايدىغان جەڭلەر يۈز بەرگەن. مەسىلەن كەلتۈرسەك، 1860 ـ ، 1864 ـ يىللىرىدىكى ئامېرىكا ئىچكى ئۇرۇشىدا 1 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن، بۇ سان 1 ـ ،

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشلىرىدا، چاۋشيەن ئۇرۇشىدا، ۋې-
يېتنام ئۇرۇشلىرىدا ئۆلگەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ
ئومۇمىي يىغىندىسىدىنمۇ كۆپ. 16 ـ ئەسىردىكى
دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىدە گېرمانىيىدە 30
يىلغا يېقىن دەھشەتلىك ئىچكى ئۇرۇش يۈز بې-
رىپ، 15% گېرمانىيە ئاھالىسى ھاياتىدىن ئايرىل-
غان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ
20 ـ ، 30 ـ يىللىرى سانائەتلىشىش ئۈچۈن تۆل-
گەن بەدىلى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئېغىر بولۇپ،
20 ـ 30 مىليون ئادەم سانائەتلىشىش ئۈچۈن، دۆ-
لەت كاپىتالىنىڭ جۇغلىنىشى ئۈچۈن بەدەل تۆ-
لەش، ئاچارچىلىق ۋە باشقا بۇنىڭغا خىلاپ بولغان
سىياسىي ئىختىلاپ تۈپەيلىدىن، بۇ جەرياندا يۈز
بەرگەن تازىلاشلاردا ئۆلگەن. بەزى مەلۇماتلاردا 2 ـ
دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۆلگەندىنمۇ كۆپ ئادەم ئۆلگەن
دەپ قارالماقتا. ياۋروپا ئەللىرىنىڭ، بولۇپمۇ پۈت-
كۈل ياۋروپا، ئامېرىكا ئەللىرىنىڭ ھازىرقى زامان
قىممەت ئۆلچىمى، مەنىۋى مىراسلىرى، ئەدەبى-
يات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتى،
دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتى، ئاقارتىش ھەرىكىتى-
دىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ داغدۇغىلىق ھەم ئۇزاق
داۋاملاشقان مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى باشتىن كە-
چۈرۈپ، شۇنداقلا نەچچە يۈز يىللىق سانائەت
جەمئىيىتىنىڭ تاۋلىنىشىدىن ئۆتۈپ، ئاۋام خەلقتە
ھازىرقى مەدەنىيەت ساپا، تۇرمۇش شەكلى، قىم-
مەت ئۆلچەملىرى شەكىللەنگەن، شۇنداقلا بۇ
تەرەققىي قىلغان ئەللەر نەچچە يۈز يىللار، نەچچە
ئەۋلاد خەلقنىڭ ئۈزلۈكسىز قان ـ تەر تۆكۈپ
ئىگىلىك تىكلەش تارىخىنى باشتىن كەچۈرگەن.
شۇڭا بىز توغرا يۆنىلىشلىك سېلىشتۇرۇش ئۇ-
سۇلىنى قوللىنىپ سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئارقى-
سىدىكى مۇشۇنداق مۇشەققەتلىك تەرەققىيات
مۇساپىسىنى ساقىت قىلىۋەتسەك، تەرەققىياتنىڭ
نەچچە ئەۋلاد، نەچچە يۈز يىللىق ئۈزلۈكسىز
ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا جۇغلان-
مىسىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىسەك،
ئۆزىمىزنىڭ سانائەتلىشىشنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا
تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بىزنىڭمۇ ھەربىر زامانىۋىلاش-
تۇرۇش باسقۇچى ئۈچۈن بەدەل تۆلىشىمىز
لازىملىقىنى چوڭقۇر چۈشەنچىدە قوبۇل قىلىپ،
ئۆزىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ زىممىسىدىكى تە-
رەققىياتقا يۈرۈش قىلىش يولىنىڭ قانچىلىك
ئېغىرلىقىنى، تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەش مۇساپى-
سىنىڭ قانچىلىك مۇشەققەتلىك ئىكەنلىكىنى
چۈشەنمەيمىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تەرەققىي
قىلغان ئەللەر خەلقى يۇقىرىقى مىسال كەلتۈرگەن
ئەگرى ـ توقاي تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ
ئۆتۈپ، كېيىنكى سانائەت دەۋرى بولغان ئۇچۇر



دۆۋرىگە قەدەم قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئۇلارغا قالدۇرغان مەنىۋى، ئىقتىسادىي بايلىقلاردىن بەھرىلىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. مەسىلەن ئالايلى، ئەنگلىيە، فرانسىيەلەرنىڭ نوپۇسى ئوخشاشلا 50 نەچچە مىليون، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممەتلىرى ئوخشاشلا مەملىكىتىمىزنىڭكىدىن سەل يۇقىرى تۇرىدۇ. دېمەك، 50 نەچچە مىليون ئادەم ياراتقان ھەم بەھرىمەن بولۇۋاتقان بايلىق، قىممەتلەرنى بىزدە ئەنگلىيە، فرانسىيەلەردىن 20 ھەسسە كۆپ ئادەم بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، شۇ 50 نەچچە مىليون ئاھالىنىڭ پاراۋانلىقى، داۋالىنىش، ئوقۇش، خىزمەت، ئىجتىمائىي، تەبىئىي مۇھىت، تۇرمۇش شارائىتى ئەلۋەتتە بىزدىن زور دەرىجىدە پەرقلىق بولىدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى نوپۇزلۇق ئىقتىسادشۇناسلار دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات سۈرئىتىنى ساقلاپ قالسا، يەنە 50 يىلدىن كېيىن ئوتتۇرا دەرىجىلىك تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىشۋالالايدىغانلىقىنى ئىلمىي ئاساسلار بىلەن دەلىللەپ ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇ دېگەنلىك يەنە 50 يىلدىن كېيىن ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارىدىكى تەرەققىي قىلغان سانائەت دۆلەتلىرى ئەمەس، ياۋروپادىكى ئىرلاندىيە، ئىسپانىيە، گرېتسىيە قاتارلىق ئوتتۇراھال تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يېتىشۋالالايدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرىدۇ. بىراق شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، بىزنىڭ ئۇ دۆلەتلەرگە يېقىن كەلگۈسىدىمۇ يېتىشۋالالمايدىغانلىقىمىزدىن مەيۈسلىنىپ، چۈشكۈنلىشىپ كېتىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. مەملىكىتىمىز 50 نەچچە يىلدىن بۇيان ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇ خىل تەرەققىياتنى بىز تەرەققىي قىلغان ئەللەرگە سېلىشتۇرۇپ، ئۆزلۈكسىز كىچىكلەۋاتقان پەرقتىنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى دۆلىتىمىز بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئاساسى، دۆلەت قۇرۇلۇش ۋاقتى ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەر بولغان ھىندىستان، پاكىستان، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى، ئافرىقا، ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىقلا چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە بولۇپ، ئۆزىمىزگە بولغان پەخىرلىك تۇيغۇمىزنى، شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە بولغان چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋالالايمىز. بۇ خىل سېلىشتۇرۇشنى مەملىكەت ئىچىدىكى ئىقتىسادشۇناسلار سەگەكلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، قارىغۇلارچە ياۋروپا، ئامېرىكىغا سېلىشتۇرۇشنى تەنقىد قىلىشقانىدى. بىز مۇشۇنداق ئىلمىي سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىقلا ئۆزىمىزدىكى مۇۋەپپەقىيەت، يېتىشسىزلىكلەرنى توغرا مۆلچەرلىيەلەيمىز. دۆلەت ئەھۋالى، رايونىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى توغرا مۆلچەرلىيەلەيمىز ۋە ئىگىلىيەلەيمىز. تەرەققىي تاپقان ئەللەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا بولغان تونۇشىمىز تېخىمۇ ئىلمىيلىققا، ئوبيېكتىپلىققا ئىگە بولۇپ، تەدرىجىي تەرەققىيات نەزىرىمىز بىلەن ياۋروپا، ئامېرىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئوبيېكتىپ باھالاپ، چەت ئەل ۋە چەت ئەل مەدەنىيىتىگە بولغان تەسىراتلىرىمىزنى خەلقىمىز ياقتۇرىدىغان، تېخىمۇ ئىلمىي تېمىغا ئايلاندۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە تېگىشلىك رول ئوينىغۇزالايمىز.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئېلېكتر ـ قۇرۇلۇش شىركىتىدىن)



# بۈگۈن ئىنتايىن مۇھىم

شۈي فېڭ

مەيلى سىز كاتتا شۆھرەت قازىنىڭ ياكى تاشلىنىپ قېلىڭ، سىزنىڭ بارلىقىڭىز باشتىن باشلىنىدۇ، بۈگۈندىن باشلىنىدۇ.

ناۋادا بۈگۈن سىزنىڭ كېسەلىڭىز قوزغالسا ياكى بەختسىزلىك يۈز بەرسە، سىز ئۈچۈن ھېچنەرسە مۇھىم بولمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھاياتىڭىز بىلەن سالامەتلىكىڭىز ھەممىدىن مۇھىم بولىدۇ. ناۋادا بۈگۈن سىز ئىككى يۈەنگە لاتارېيە بېلىتى سېتىۋالدىڭىز، سىزگە چوڭ مۇكاپات چىقتى ـ دە، تۈنۈگۈن سىز بىر تىلەمچى بولسىڭىزمۇ، ھازىر سىز يەنىلا خۇشال بولىسىز.

ئەتە يەنە يېڭى بۈگۈننىڭ باشلىنىشى، شۇڭا، ئەتە ئەمەلىيەتتىمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. ناۋادا سىز ئىزچىل تۈردە ئەتىگە تايىنىپ ياكى ئەتىنىڭ شاپائىتىگە تايانسىڭىز، ئۇنداقتا سىزنىڭ بۈگۈنىڭىزدە چوقۇم قايناق ھېسسىيات بولمايدۇ.

مۇنداق بىر ھېكايە بار: ئېدۋارد ئېۋانس بىر نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئائىلىسىدىكى يەتتە كىشى ئۇنىڭغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇ كىتابخانا باشقۇرۇش ياردەمچىسىلىك خىزمەت تاپقان. مائاشى ئىنتايىن تۆۋەن بولسىمۇ، ئۇ خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشنى خالىمىغان. سەككىز يىلدىن كېيىن جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۆزىنىڭ كەسپىنى باشلىغان. كېيىن بەختسىزلىك ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەن. ئۇ بارلىق بىساتىنى ئامانەت قويغان چوڭ بانكا ۋەيران بولغان. ئۇ بارلىق پۇللىرىدىن ئايرىلىپلا قالماي، يەنە 16 مىڭ يۈەن قەرزگە بوغۇلغان. ئۇ بۇنداق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، غەلىتە كېسەلگە مۇپتىلا بولغان، بىر كۈنى ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ، يول ياقىسىدا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلغان. كېيىن ئۇ ماڭالمىغان. ئەڭ ئاخىردا دوختۇر ئۇنىڭغا: ئىككى ھەپتىدە ياخشىلىنىپ كېتىسىز، دېگەن. ئۇ ھەيران قېلىپ، ۋەسىيەتنامە يېزىپ، كارىۋاتتا ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتقان. سەكراتتا چۈشۈش ياكى قايغۇرۇشمۇ يوقاپ، ھەممىدىن ۋاز كەچكەن ھەم يېنىكلەپ قالغان. بىرقانچە ھەپتىدىن كېيىن ئۇ ھاسىغا تايىنىپ ماڭالايدىغان بولغان. ئالتە ھەپتىدىن كېيىن ئۇ يەنە خىزمەت ئورنىغا قايتقان. ئېدۋارد ئېۋانسنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولغان. نەچچە يىل بولمايلا، ئۇ ئېۋانس سانائەت شىركىتىنىڭ لىدېرى بولۇپ قالغان. ئويلاپ كۆرەيلىكى، ئەگەردە ئۇ «پۈتۈنلەي مۇستەقىل بولغان بۈگۈنكى كۈندە ياشاشنى» ئۆگىنىۋالمىغان بولسا، ئېدۋارد ئېۋانس ھەرگىزمۇ بۇنداق غەلىبە قىلالمىغان بولاتتى.

پۈتۈنلەي مۇستەقىل بولغان بۈگۈن، ئەمەلىيەتتە ھاياتنىڭ پەلسەپىسى ھېسابلىنىدۇ. ناۋادا سىز بۈگۈن خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىش دوكلاتىنى تاپشۇرغىنىڭىز، سىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىڭىزگە تولۇق ئىشەنچ قىلغانلىقىڭىزنى چۈشەندۈرىدۇ. ناۋادا سىز بۈگۈن ئىشتىن بوشىتىلغان بولسىڭىز، سىزنىڭ بۈگۈندىن باشلاپ قايتىدىن بىر خىل كەسپنى تاللىشىڭىزغا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىراق ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بۇ دەسلەپكى باشلىنىش ھېسابلىنىدۇ. (09)

(خوتەن قاراقاش ناھىيە توخۇلا يېزا باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئوبۇلقاسىم ئابدۇغېنى. ت)

# [illegible]

روۋي لى

1992 ـ يىلى باھاردا، باي بولۇش ئارزۇسىدا يۈرگەن بىر سەھرالىق يىگىت شېنجېن شەھىرىگە خىزمەت ئىزدەپ كېلىپ، پۇرسەت تولۇپ ـ تاشقان بۇ چوڭ شەھەردە بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئېرىشىش ئۈمىدىدە بوپتۇ. بىراق، ئۆزى يەڭگىل ھەم يۇقىرى مائاشلىق خىزمەتنى تېپىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ ھەمىيىنى پاك ـ پاكىز قۇرۇقلىنىپ، خىزمەت تاپالمىغانلىقى ئۈستىگە، كوچىدا قونۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

شۇ كۈنى گۈگۈم چۈشۈشى بىلەن پىيادىلەر يولىدا تۈگۈلۈپ كېتىۋاتقاندا ئۇنى مۈگدەك بېسىپ، پاسكىنا يەردە يېتىپ قاپتۇ. بۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئايال سەدىقە قىلىش ئۈچۈن بىر يۈەن پۇلنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ.

كىم بىلسۇن، ئۇ قولىنى ئۇزارتىپ بۇ پۇلنى ئالاي دەپ تۇرۇشىغا، ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر ئاياغ مايلىغۇچى قىزچاق ئۇنىڭدىن چاققان چىقىپ بۇ پۇلنى ئېلىۋاپتۇ.

ـــ بۇ پۇل مېنىڭ، ـــ دەپتۇ قىزچاق ھېچبىر ئۇيالماستىن.

يىگىتنىڭ «غۇرۇرىدە!» ئاچچىقى كەپتۇ.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قىزچاق بىلەن زاكۇنلىشىپتۇ:

ـــ ئۇ ئايال نېمىشقا ساڭا پۇل بېرىدىكەن؟ ئۇ سېنىڭ تۇغقۇنىڭمىدى... ياكى سەن تىلەمچىمىدىڭ...

قىزچاق كۆزلىرىنى مۇغەمبەرلەرچە چىمچىقلىپ يالدۇرۇپ دەپتۇ:

ـــ ئەگەر سەن تىلەمچى ئىكەنلىكىڭنى ئېتىراپ قىلساڭ، بۇ بىر سوم پۇلنى ساڭا بېرىۋېتەي.

ـــ نېمە، مەن تىلەمچى بولمىسام قانداقسىگە تىلەمچى ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلغۇدەكمەن؟

ئۇنىڭ قەلبى ئۆرتىنىپتۇ. لېكىن ئۆز ئىززەت ـ غۇرۇرنى قوغداش ئۈچۈن، بۇ بىر يۈەن پۇلدىن ۋاز كېچىپ، بۇ يەردىن كەتمەكچى بوپتۇ.

لېكىن قىزچاق ئۇنى تۇۋۇلاپ توختىتىپ:

ـــ سىزنىڭ ئاچ ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن، ـــ دەپتۇ پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ـــ مۇنداق قىلساق قانداق؟ مەن ئاياغ مايلايدىغان تەنزەمنى سىزگە ئون مىنۇتقىچە بېرىپ تۇراي، بۇ ئون مىنۇت ئىچىدە سودا قىلىپ بىر ۋاخ غىزانىڭ پۇلىنى تاپسىڭىز ئەجەپ ئەمەس.

قىزچاقنىڭ بۇ سۆزى ئۇنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېپتۇ.

بىر ۋاخلىق غىزانىڭ پۇلىنى تېپىش ئۈچۈن ئۇ بۇ سودىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىپتۇ.

ئون مىنۇت ئىچىدە ئۇ راستىنلا بىر سودىغا ئېرىشىپتۇ. ئايىغىنى مايلاتقان بىر ئەر كىشى ئۇنىڭغا ئۈچ يۈەن بېرىپتۇ. ئۇ بۇ ئۈچ يۈەنگە ئىككى بولكا سېتىۋاپتۇ.

ـــ سىز ماڭا يەنە ياردەم قىلارسىزمۇ... ماڭا ياردەم قىلىڭ...

بىر يۇرۇش ئاياغ مايلايدىغان جابدۇق ئېلىپ بەرسىڭىز... مەنمۇ ئاياغ مايلىغۇچى بولسام...

قىزچاق رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ كېتىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى، قىزچاقنىڭ ئاياغ مايلايدىغان تەنزىسىنىڭ يېنىدا يەنە بىر تەنزە كۆپىيىپتۇ.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئىككىسى مايلامچىلىق ئىشىدىن قول ئۈزۈپ، ئۆز ئالدىغا خۇرۇم ئاياغ تىكىش دۇكىنىدىن بىرنى ئېچىۋاپتۇ ھەمدە ئاياغلارنى خېرىدارلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك تىكىپ بېرىپ، ئۇلارنى رازى قىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرى روناق تېپىپ ئادەتتىكى بىر خۇرۇم ئاياغ تىكىش دۇكىنىدىن بارا ـ بارا تەرەققىي قىلىپ كۆلىمى خېلى چوڭ بولغان بىر خۇرۇم ئاياغ زاۋۇتىغا ئاساس سېپتۇ.

بۇ يىگىت باشقا بىرى بولماستىن، دەل بۈگۈنكى «جۇڭگۇچىك شەھەرلىك يۈەنزۇ ئاياغچىلىق چەكلىك شىركىتى»نىڭ لىدىرى خې چيۇيۈەن ئەپەندى ئىدى. ھازىر ئۇ بىر نەچچە مىليون يۈەنگە كۆچى يېتىدىغان كاتتا خوجايىنغا ئايلاندى. (09)

(مارالبېشى ناھىيە مارالبېشى بازارلىق پارتكومىدىن گەنۇەر ئابدۇرېھىممەت. ت)



# سىز نازاكەتلىك ئايالمۇ

**ـــــــ راھىلە كامال ـــــــ**

بىر چىرايلىق ئايالنىڭ نىكاھ مەغلۇبىيىتى ھەممىمىزنىڭ ھەيداشلىقىنى قوزغايدۇ. ئۇ چىرايلىق بولغىنى ئۈچۈن بۇنداق بولماسلىقى لازىمدەك ياكى ئۇ چىرايلىق بولغىنى ئۈچۈن قىلچىمۇ گۇناھ ئۆتكۈزمەيدىغاندەك ھېس قىلىمىز. باشقىلار نەزىرىدىكى بىر ياخشى ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئادەتتىكىچە بىر ئايالنىڭ كەينىدىن كېتىپ قالغانلىقىدىن ھەيران قالىمىز. بىز ئەمەلىيەتچان بولۇپ تۇرمۇشقا ھەقىقىي نەزەر سالغىنىمىزدا، ئائىلە ماجىراسى ۋە نىكاھ پاجىئەلىرىدە چىرايلىق، ياخشى ئاياللارنىڭ ئەمەلىيەتتە تولاراق كەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

بىز بۇ يەردە «چىرايلىق»، «ياخشى» دېگەن ئىككى سۆيەت سۆزىنى ئۆيلىنىپ باقايلى: نەزىرىمىزدىكى چىرايلىق ئايال پەقەت قاش، كۆز، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن ئايالدۇر. ياخشى ئايال ئەخلاقلىق، ۋاپادار ئايالدۇر، خالاس.

كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشى بىلەن ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشى، گۈزەللىك قارىشى مەلۇم جەھەتلەردىن ئۆزگەردى. ئاياللار زىلۋا قەددى ـ قامىتى بىلەن تۇزدەك ياسىنىپ، ئەرلىرىنىڭ ئالدىدا ھەرقانچە پەرۋاز قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچ كىيىملىرىنىڭ تۇرلىرى سۆكۈلۈپ ساڭگىلىغان، كىر ـ مەينەت بولسا، مىجەزى ئوسال، ئازازۇل، ھورۇن، قىتىغۇر بولسا، ئەر كىشى خوتۇنىنىڭ ئەخلاقلىق بولۇشىدىن، ئۆزىنى قانچىلىك سۆيۈشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ تۇرمۇشتىن كۆڭلى سوۋۇيدۇ. ھېچبولمىغاندا پەقەت پەرزەنتلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى نام ـ ئابرۇيى ئۈچۈنلا خوتۇنى بىلەن بىرگە ئۆتىدۇ. مېنىڭچە، بۇمۇ شەكلى ئۆزگەرگەن نىكاھ پاجىئەسى.

ئاياللار ھەر زامان، ھەرقانداق جايدا ئۆزىدىكى پارلاپ تۇرغان ئىچكى گۈزەللىك يۇغۇرۇلغان قەددى ـ قامەت، كىيىم ـ كېچەك، يۈرۈش ـ تۇرۇش، مىجەز ـ خۇلقىنى نامايان قىلالىسا، ئۇ ھەقىقىي چىرايلىق، ياخشى ئايال ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىلا ئۇ ئۆزىدىكى پەرىشتىلەرچە قەلب بىلەن ئېرىگە ئۆزىنىڭ مۇھىملىقى، ئەتىۋارلىقى، قەدىرلىكلىكىنى ھېس قىلدۇرالايدۇ. بۇنداق ئاياللار نازاكەتلىك ئايالدۇر. ئۇلار ئۆز ھاياتىدا ھەر تەرەپتىن يېتىلگەن، تۇرمۇشنىڭ ھەربىر كىچىككىنە ئىشىدىمۇ ئۆزىنى تونۇتۇپ بىلگەن ئايالدۇر.

ئاياللاردىكى يۈرۈش ـ تۇرۇش، كىيىنىش نازاكىتى ئۇلارنىڭ باشقىلارغا بېرىدىغان تۇنجى تەسىراتىنى بەلگىلەيدۇ. كۆپ قىسىم كىشىلەر بىر ئايالنىڭ كىيىنىش، يۈرۈش ـ تۇرۇشىدىن ئېرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىلگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئاددىي ـ ساددا، پاكىز، يارىشىملىق كىيىنىش ئاياللارنىڭ ئېرى، پەرزەنتى، دوستلىرى ئارىسىدىكى ھۆرمىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئەدەپلىك، قا-

ئىدىلىك ئاياللار كىشىلەرگە يېقىملىق كۆرۈنىدۇ. «بار دەپ تۆكمەيدىغان، يوق دەپ كۆپمەيدىغان»، پۇلنى قوغلاشمايدىغان ئايالار تېخىمۇ ھۆرمەتلىك بولىدۇ. ئايالاردىكى گەپ ـ سۆز نازاكىتى ئۇلارنىڭ ساپاسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇششاق سۆز ئايالار كىشىلەر نەزىرىدە خۇددى شىمشىكا شاكىلىغا ئوخشايدۇ. ئائىلىدە، سورۇنلاردا بىلەرمەنلىك قىلىدىغان، باشقىلارنىڭ سۆزىنى تارتىۋېلىپ سۆزلەيدىغان، سۆزلەپ ھارمايدىغان ئايالار ئادەمنى بىزار قىلىدۇ. ئايالارنىڭ تاماقلىنىش نازاكىتى ئايالارنى باشقىلارغا تېخىمۇ قائىدىلىك، تەربىيە كۆرگەندەك ھېس قىلدۇرىدۇ. تاماقنى ئاۋاز چىقىرىپ يېيىش، باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى قول ئۇزىتىش ئايالارنى بەكلا قىلىقسىز كۆرسىتىدۇ. ئەپۇچانلىق نازاكىتى ئايالارنىڭ ئەخلاقى، مەنىۋى ساپاسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەپۇچان ئايال ئەرنىڭ نەزىرىدىكى سۆيۈملۈك ئايالدۇر، باشقىلار نەزىرىدە قالتىس ئايالدۇر. ئاق كۆڭۈللۈك ئايالارنىڭ ئىنسانىي خىسلىتىنى چىرايلىق گۈللەر بىلەن بېزەيدۇ. باشقىلارغا ياردەم بېرىدىغان، ھاياتنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئوچۇق ـ يورۇق، دوستانە ئايالار كىشىلەر نەزىرىدىكى ئىشەنچلىك ئايالاردۇر.

يۇقىرىقىدەك نازاكەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئايالارنىڭ تاتلىق بىر كۈلۈمسىرىشى، پىسىڭگىدە بىر كۈلۈشىمۇ ھەرقانداق ئادەمگە غەيرەت ـ شىجائەت، مۇھەببەت بېغىشلايدۇ. ئەگەر بىر ئايال قانچە چىرايلىق، ياخشى بولسۇن، يۇقىرىقىدەك نازاكەتلەردىن خالىي بولىدىكەن، ئۇ يەنىلا «قىلىقى سەت» ئايالدۇر.

تۇرمۇش رىتىمىمىزنىڭ تېزلىشىشى بىلەن ئائىلە، خىزمەت، جەمئىيەتتىكى بېسىمىمىز كۈنسېرى ئاشماقتا. بۇ بېسىملارغا بەرداشلىق بەرگۈدەك كۈچ، جاسارەت يەنىلا بىزنىڭ جىسمىمىزدا، روھىمىزدا تولۇپ تاشقاندۇر. بىز ئەڭ گۈزەل خىسلەتلىرىمىزنى تۇرمۇشىمىزنىڭ كىچىككىنە تەرەپلىرىدىمۇ نامايان قىلالىساق، بىزگە بەخت، خۇشاللىق، مۇۋەپپەقىيەت يار بولغۇسى. (09)

(ئاپتور: «ئىلى كەچلىك گېزىتى» ئىدارىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىن)

## بىلىم ــ ئەقىلنىڭ چىرىغى

شۆھرەت ھېكىم (14 ياش)

بىلىم خۇددى پايانسىز دېڭىز. بىلىم ئۇ قۇدرەت ـ كۈچ. كونىلار: «بىلىكى كۈچلۈك بىرنى يېڭەر، بىلىمى كۈچلۈك مىڭنى» دەيدۇ. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا پەن ـ تېخنىكىدا ماشىنا ئادەم ئارقىلىق ئوپېراتسىيە ئېلىپ بېرىش، توردا سودا ئالاقىسى قىلىش، كېيىن ئارقىلىق ئادەم كلونلاش، مۇجەمەل سانلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ئاجايىپ تۆھپىلەر يارىتىلدى. مانا بۇ بىلىمنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى. بىلىم ساختىلىق قىلمايدىغان، سەمىمىي كىشىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. بىلىم ــ تىرىشچانلىق، جاپاغا چىداپ تىرىشىش، ئىزدىنىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. كېيىنكى دەۋر «بىلىمسىزگە ئىش يوق، ئىشسىزغا ئاش يوق» بولىدىغان دەۋر. شۇنداق بولۇشنى چۈشەنمىگەندەك، بىر قىسىم ياش ـ ئۆسمۈرلەر ھە دېسىلا تانسىخانا، دىسكوخانا، تورخانا ۋە كانكىخانىلارغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ ئالتۇندەك ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋاتىدۇ. مەملىكىتىمىز ئالىملىرىنىڭ تەتقىق قىلغان ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، بىر ئوقۇغۇچىنى باشلانغۇچتىن ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇتقۇچە 80 مىڭ يۈەن پۇل كېتىدىكەن. ئاتا ـ ئانىلار بىزنىڭ قۇياشىمىز ياكى تۆۋرۈكىمىز ئەمەس. ھەممىمىز يولىمىزنى ئۆزىمىز تېپىشىمىز كېرەك. مەن 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»دىن 20 ياشقا كىرگەن ئوبۇل مۇھەممەت ئاكىنىڭ بەش يىل ئىچىدە 249 خىل كەشپىيات يارىتالىغىنىنى ئوقۇپ، ھەيران قالدىم ھەم تەسىرلەندىم.

مەن ئۆزۈمنى ئاشۇ ئوبۇل مۇھەممەت ئاكىغا سېلىشتۇرۇپ نومۇس قىلدىم ھەم ئەپسۇسلاندىم. چۈنكى، مەن چوڭ بولغاندا دوختۇر بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. لېكىن مەن يەنە ئالتە يىلدىن كېيىن 20 ياشقا كىرىمەن. مەن شۇ ۋاقىتتا زادى قانچىلىك نەتىجە قازىنالارمەن؟ مەنمۇ ئاشۇ ئاكىمىزدەك كەشپىيات يارىتالارمەنمۇ؟ مەن ھازىردىن باشلاپ، ئۆگىنىۋاتقان بىلىملەرنى تېخىمۇ پۇختا ئىگىلەپ، كېيىنكى ئەمەلىيەت ئۈچۈن ئاساس تىكلەيمەن ۋە تىرىشىمەن!

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# كەچۈرۈڭ، دوستلۇققا يارىمايمەن

**سېتىۋالدى تەۋەككۇل**

ھەرقانداق ئادەم ۋاپادار دوست ئىزدەيدۇ. تۇرمۇشنىڭ مەنىلىك ئۆتۈشى كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزلىرىگە مۇناسىپ دوست ياكى يولداش تاللاشنى بىلىشكە باغلىق بولىدۇ. ھايات مۇساپىسىدە ياخشى ھەمراھ ياكى سىرداش دوستقا ئىگە بولۇش كىشىگە تۇرمۇش گۈزەللىكىنى ھەقىقىي تۇردە ھېس قىلدۇرىدۇ. دوستلۇق كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ مۇقەددەس ھېسسىيات. ساداقەت ۋە ئىشەنچ ھەمدە ھالاللىق بىلەن يېقىنلاشقان يۈرەكلەر چىن دوستلۇقتىن تۇغۇلغان بەختكە ئېرىشەلەيدۇ. دەرۋەقە زامانداشلىرىمىزنىڭ ھاياتقا، تۇرمۇشقا ۋە ئۆزلىرىگە بولغان تونۇش، چۈشەنچىلىرى ھەر خىل بولغانلىقتىن، دوستلۇققا بولغان پوزىتسىيىلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر دوستلۇقنى يۈكسەك مەنىدىكى ئۆزىنى بېغىشلاش دەپ چۈشىنىدۇ، بەزىلەر بىردەملىك ئۆلپەتچىلىك ياكى مۇگدىشىش دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقىقىي دوستلۇقنى ئەسلىي مەنىسىدىن چەتلەشتۈرۈۋەتكەنلىك ياكى يۈزەكى چۈشىنىپ قېلىش بولۇپ، بۇنداق كىشىلەر ھەقىقىي دوستلاردىن بولالمايدۇ.

يېقىندا، بىر دوستۇم مېنى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈن ئولتۇرۇشىغا تەكلىپ قىلدى. سورۇن باشلىنىپ ھەر خىل قورۇملار كەلتۈرۈلدى، ئۇلاپلا شىشىلەر تىزىلدى. رومكا كۆتۈرۈش نۆۋىتى كەلگەندە سورۇنداشلار ئۆزئارا تونۇشۇپ، تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشۈپ، قەدەھ سۆزلىرى بىلەن كۆتۈرۈۋەتتى. مەن بولسام جىمىپ كەتتىم. نۆۋەت ماڭا كەلگەندە سورۇن ئەھلىگە ھاراق ئىچمەيدىغانلىقىمنى، كۆپچىلىكنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى ئۆتۈنۈپ، ئىستاكاندىكى چاينى قولۇمغا ئېلىپ ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇشقا تەمشىلىۋىدىم، ساقى يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ: «ھازىر قايسى زامان بىلەمسەن؟ ھاراق ئىچمەيدىغان كىم بار؟ ھۆكۈمەت ياسىغانىكەن، چوقۇم ئىچىمىز. مۇشۇنداق ناز قىلىپ يۈرسەڭ كىممۇ سېنى دوست تۇتىدۇ؟ ئىچىشىپ، مۈگدىشىپ، بىر ـ بىرىمىزگە ھال ـ ئەھۋالىمىزنى ئېيتىشىپ، ئارىلىشىپ ئۆتمىسەك، بۇ كۆڭلەرنىڭ ئايىغىغا قاچان چىقىپ بولىمىز؟ كۆتۈرۈۋەت! ئەركەكقۇ سەن! قىزلار جىنىدا ئىچىدۇ، سەن ئۆزۈڭنى تارتساڭ نومۇس قىلمامسەن؟ دوستلۇققا يارىمايدىكەنسەن جۇمۇ!» دەپ سۆزلەپلا كەتتى. ئۇنىڭ غەلىتە سوئاللىرىدىن گويا يات بىر دۇنيادىكى ئادەملەر ئارىسىغا كىرىپ قالغاندەك بولۇپ، كەلگىنىمگە پۇشايمان قىلىپمۇ قالدىم. ئەخلاق، ھايا، ساداقەت، كۆيۈنۈش يوقالغان چاغ دەل قىيامەت بولغان كۈندۇر. يۇقىرىقى سوئاللار ۋۇجۇدۇمنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ قىيناۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزۈمنى تەستە بېسىۋېلىپ:

ـــ كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، مەن تېخى ئۆز خۇشاللىقىمنى ھاراقتىن ئىزدەشنى ئويلاپ باقمىدىم، كەچۈرۈڭلار، مەن سىلەرنىڭ دوستلۇقۇڭلارغا يارىمايمەن، ـــ دېدىم.

سورۇنداشلىرىم ماڭا مەسخىرىلىك قاراپ قويۇپ،



ئىشلىرىنى داۋام قىلىۋەردى. مەن ئازاب بىلەن قايتىپ كەلدىم.

ياشلىق —ئىنسان ھاياتىنىڭ گۈل تاجى. ياشلىق مەزگىلىدىكى جۇشقۇن، ئالىيجاناب، مۇقەددەس تۇيغۇنى قەدىرلەش ۋە شۇ ئارقىلىق گۈزەل كەلگۈسىگە يول ئېچىش —ئادىمىيلىك خىسلىتىدۇر. كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپ كەتكەن ئادەم باشقىلارغا ھەرگىزمۇ مۇھەببەت ۋە دوستلۇق بېرەلمەيدۇ. ھەقىقىي دوستلۇقتا ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم قەلبنى ناچار ئىللەتلەردىن پاكلاش لازىمدۇر. ھايات ناھايىتى گۈزەل، ئۇنى پەقەت چىن ئېتىقاد ئىگىسىلا ھېس قىلىپ، بەخت گۈلىستانىغا مەغرۇر قەدەم باسالايدۇ. ئەكسىچە گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېتىقاد، ئىشەنچىسى سۇسلاشقان ئادەم ئۆزىنى ھاراققا قۇل قىلىپ قويىدۇ. دېمىسىمۇ ھاراق بىزنىڭ نۇرغۇن نەرسىمىزنى، جۈملىدىن ئىقتىسادىمىزنى، ئىقتىدارىمىزنى، قىممىتىمىزنى تارتىۋالدى. دۇنيادا ئادەم مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ھەقىقىي دوستلۇقمۇ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. پەقەت ھالال نىيەتلىك، ساپ تەبىئەتلىك گۈزەل قەلب ئىگىلىرىلا بۇ خىل شېرىن تۇيغۇدىن ئاداققىچە بەھرىلىنەلەيدۇ. ھاراق ئۆلپەتچىلىكى بىلەن دوستلىشىش مۇقەررەركى، ئۈمىدسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دوستلۇق ئالىيجاناب نىيەت ئۈستىگە تىكلىنىشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ چاكىنا مەقسەتنى چىقىش قىلماسلىقى كېرەك. بۈگۈننىڭ رېئاللىقى — رىقابەت، خىرىس رېئاللىقىدۇر. ياشلار جەمئىيەتنىڭ تايانچ كۈچى، تەرەققىياتنىڭ ئۇمۇرتقا تۈۋرۈكى، شۇڭا دۇنياغا ئەقىل كۆزىمىز بىلەن قايتىدىن نەزەر سېلىپ، ھەقىقىي دوستلاردىن بولۇپ ياشايلى. گۈزەل ياشلىق ئۆزىمىز تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنمىسۇن! بىزگە تەشنا نۇرغۇن نەرسىلەر ۋە بىز تەشنا نۇرغۇن نەرسىلەر بار. چىن دوستلۇق بىزگە ئامەت ئېلىپ كەلسە، كەيپ «دوستلۇقى» بىزنى يىراقلاشتۇرىدۇ. (09)

(ئاپتور: قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)

# ئەقلىيە سۆزلەر

ئەگەر كىمنىڭ ساخاۋىتى يۇقىرى بولسا، ئىسكى كىيىمى بىلەنمۇ ئىززىتى يۇقىرىدۇر.

—خۇسراۋ دېھلەۋى

ئادەمنىڭ يەپ ـ ئىچىشى ياشاش ئۈچۈن، ئەمما ياشاشنىڭ مەقسەت يەپ ـ ئىچىش ئەمەس.

ئادەم پايدا ـ زىياننى ئۇنتۇش ھالىتىگە يەتكەندىلا، ئەمەلىيەتتە ھەممىگە ئېرىشكەن بولىدۇ. بۇ دەل ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھاياتلىقىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى چۈشىنىپ يەتكەن ۋاقتىدۇر.

—تاگور

ئادەم ماددىي شارائىتتا مەۋجۇت بولىدۇ، غايە تىكلىگەندە ياشىيالايدۇ.

—ھيوگو

ھايات —توختاپ قالمايدىغان رەھىمسىز جەڭ.

—رومىن روللان

ئەگەر ئۆزىڭىزنىڭ ئەخلاقى دۇرۇس بولمىسا، ئۇنداقتا باشقىلارنىڭ ئەخلاقىنى قانداقمۇ دۇرۇس قىلغىلى بولسۇن؟

—كۇڭزى

ئۆزى نامرات بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ سەمىمىي ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولۇش ئەڭ بەختلىك.

—شېكسپىر

نىقابىڭنى باشقىلار ئاچسا، بۇ سېنىڭ مەغلۇبىيىتىڭ بولىدۇ، ئۆزۈڭ ئاچساڭ غالىبىيىتىڭ بولىدۇ.

—ھيوگو

سەن ئۆزۈڭ بىلەن بىللە كۈلگەن ئادەمنى ئۇنتۇپ كېتىشىڭ مۇمكىن، ئەمما ئۆزۈڭ بىلەن بىللە يىغلىغان ئادەمنى ئەبەدىي ئۇنتۇمايسەن.

—جىبران

(تۇرپان شەھىرى ئۆزۈمچىلىك يېزا بىلىمچى مەكتەپتىن ئالىم قاھار تەييارلىغان)



# ئەگەر مەن قىز بولسام

ئۆمەرجان ئىسمائىل

ئەگەر مەن قىز بولسام زىيادە مىشچان ياكى بەك قوپال بولمايتتىم، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، تىرىشچان، ئىقتىسادچىل، مۇلايىم، پەيتىدە پىداكار بولاتتىم. دۇنيانى مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولدۇرۇشقا تىرىشاتتىم، ھەرقانچە قىيىنچىلىق تارتساممۇ ئۆگىنىشنى قولدىن بەرمەيتتىم، چىرايلىق بولسام ئۆزۈمنى چوڭ تۇتمايتتىم، سەترەك بولسام ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەي، ئارتۇقچىلىقلىرىمدىن گۈزەللىك ئىزدەيتتىم، چۈشكۈنلەشمەيتتىم، ئۈمىدسىزلەنمەيتتىم. دۇنيانى، روھىيىتىمنى گۈزەللىككە، سۆيگۈگە تولدۇراتتىم، باشقىلارغا سەممىي، قىزغىن، مەسئۇلىيەتچان بولاتتىم، سۆيۈشنى ئۆگىنەتتىم ھەم سۆيۈلەتتىم ....

قىز كۆپ ھاللاردا سۆيۈلگۈچى ئورنىدا يۈرەكلىرىنى چىمىلدىتىپ، ئوغۇللارنى ھەر كويلارغا سالالايدۇ. ئەمما ھەقىقىي بىر سۆيۈلگۈچى بولۇش بەك مۈشكۈل، سۆيگۈچى بولماقمۇ ھەم شۇنداق. تەڭرىم گۈزەللىكنىڭ تەڭدىن تولىسىنى قىز ـ ئاياللارغا بەرگەن، ئەمما بۇ گۈزەللىك يېقىنقى مەزگىللەردە پەيدا بولۇۋاتقان بەزى ئەخلاقسىزلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ قۇربانى بولغىنىدا، يۈرەك قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن؟ بۇنىڭ باھانىسى ئەردىمۇ ياكى خانىم ـ قىزدىمۇ؟

ھايات قىممەتلىك ئىدىغۇ، ئەنە شۇنداق ئاجايىپ قىزلار ۋە ئەپەندىلەر توپى مەۋجۇتلۇقى بىلەن ئارىمىزدا ياتلىشىپ كېتىۋاتقىنىنى كىممۇ ئىنكار قىلالايدۇ؟ خۇددى مېنىڭ قىز بولغۇم كەلگەنگە ئوخشاش، بەزى قىزلارنىڭمۇ ھەرنېمىلەر بولغۇسى كېلىدىغان ئوخشايدۇ. كاتتا كىشىلەرنىڭ سەن ئويلىغاندەك بولالماسلىقى، يۈرگەن قىزىڭنىڭ، ئايالىڭنىڭ ئىشەنچسىز بولۇپ قېلىشى يۈرىكىڭنى ئېچىشتۇرمامدۇ؟ شۇنداق بولۇش شۇنچە زۆرۈرمىدى؟

بەزىدە دۇنيانى شۇ قەدەر «يىرگىنچلىك» سېزىمەن. ئۆزۈمنىڭ ئاددىيلىقىغا باقماي، قىزلاردىن تولىمۇ چوڭ تەلەپلەرنى كۈتىمەن. چۈنكى، قىز مىللەتنىڭ ئانىسى ئەمەسمۇ، ئۇ شۇڭلاشقا ئۇلۇغ. ئاقىللار مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ئانىلار بەلگىلەيدۇ، دەيدىكەن. ئانا بولۇش يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تەلەپ قىلىدۇ. ئانا بولۇش ئالدىدا تۇرغانلاردىن «بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامسىلەر؟» دەپ سورىغۇم كېلىدۇ.

بىزدە ھازىر ئۆزگىرىش بەك تېز. ئەگەر بۇ ئۆزگىرىش ئىجابىي تەرەپتە كۆپرەك ئىپادىلەنگەن

بولسا ئىدى، تولىمۇ خۇشال بولاتتىم. ئەقىل ـ ئىدراكتا بىزدىن ئارتۇق بولغان قىزلارنىڭ گۈزەل كەلگۈسى يارىتىشتىكى غول كۈچ بولۇپ قېلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن. بۇ ئەمەلىيەتتە قىزلارنىڭ ھەممىسىنى يامان دەپ كەتكەنلىكىم ئەمەس، پەقەت ئەتراپىمدىكى ماكان، زامانىنىڭ مۇئەييەن تەسىرى ئاستىدا ھېس قىلغان قاراشلىرىم.

تۇرمۇش ھامان ئۇنىڭدىنمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ. جاھانمۇ كەڭرى، ئەخلاقىي جەھەتتىن ئاينىش ھادىسىسى ئايرىم ئوغۇل ـ قىزلاردا تەڭلا مەۋجۇت. سەممىي ئىنسان ئۇچۇن ئەيىبنى باشقىلاردىن كۆرۈش ئاقىلانىلىك ئەمەس. روھىي جەھەتتىكى ئاجىزلىق بەزىمىزنى ئۆز ـ ئۆزىمىزنى گوللاشقا ئۈندەيدۇ. نەدىمۇ مۇكەممەل ئىنسان بولسۇن! ئەمما مۇكەممەللىككە، ھەر جەھەتتىن تاكامۇللۇققا يېقىنلاشقانلارمۇ ئاز ئەمەس. مېنىڭچە، بىزدىكى بەزى ئوغۇللار بۇزۇلۇشنى باشلاپ بېرىدۇ، بىر قىسىم ھېسسىياتچان، نادان قىزلار ئۇنى راۋاجلاندۇرىدۇ، ھەتتا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ. تەكىتلەيدىغىنىم، ئىككىلا تەرەپتە مۇستەھكەم مۇداپىئە ئىدىيىسى قۇرۇش، ئائىلىق تەربىيىسى ۋە ئاتىلىق تەربىيىسىنى ئوخشاش كۈچەيتىش زۆرۈر. بۇنىڭ يامىنى يوقتۇ؟

مەن ئوغۇل، ئۇ قىز. دۇنيانى مېھىر ـ مۇھەببەتكە تويۇندۇرۇش، گۈزەل كەلگۈسى قۇرۇش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق مەجبۇرىيىتى. روھىي چىركىنلىكلەردىن خالىي پەرزەنتلەر دۇنياسى بەرپا قىلىش ياشلارنىڭ، بولۇپمۇ قىزلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى. ئىشىنىمەنكى، بىز بۇنىڭغا كامىل، ئىقتىداردا قابىل، قولىنى قولغا تۇتۇشۇپ ئىلگىرىلىسەكلا بولىدۇ. (06)

(ئاپتور: پىچان ناھىيە دىغار يېزىلىق ئىتتىپاق كومىتېتىدىن)


## يېيىشىڭىزغا مەسلىھەت

参红黑 «ياۋروپا ئادەمگىياھى» ـــ دۆلىتىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولغاندىن كېيىن، فرانسىيە، ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئېلىپ كىرگەن ئەنئۋارلىق دورىلىق ئۆسۈملۈك. ئۇنى تۆت پەسلىنىڭ ھەممىسىدە تېرىشقا بولىدۇ، يېتىلىش مەزگىلى 70 ـ 90 كۈنگىچە بولۇپ، بازاردىكى ھازىرقى باھاسى 25 يۈەندىن 30 يۈەنگىچە (دانىسى). بۇ ئۆسۈملۈك كارخانىمىزدا سىناق تەرىقىسىدە ئۆستۈرۈش ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلاردا ئوخشىمىغان تۇپراق تىپى، ھاۋا كىلىماتى، ئۆي ئىچى ۋە سىرتى، بالكون، ھەتتا تەشتەكلەردىمۇ ئۆستۈرۈشكە ماسلاشتۇرۇلدى. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ بەدەننى قۇۋۋەتلەش رولى ئىنتايىن يۇقىرى. ھەر مو يەرگە 200 دانە تېرىغاندا، 3000 ـ 4000 دانە ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. شىركىتىمىز ھەر دانىسىنى 15 يۈەندىن سېتىۋالىدۇ. شۇنداق بولغاندا، ھەر مو يەردىن بىرقانچە مىڭ يۈەن كىرىم قىلالايسىز.

شىركىتىمىز نامراتلارنى يۆلەش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش مەقسىتىدە تېرىش، تېخنىكىلىق يېتەكچىلىك قىلىش، مەھسۇلاتنى يىغىۋېلىشنى ھۆددىگە ئالىدۇ. سىز يەر ۋە ئەمگەك كۈچى چىقارسىڭىز، بىز بىلەن ھەمكارلىشىپ تېرىسىڭىز پايدىدا توققۇزدا بىر (سىز توققۇز، بىز بىر) ئۈلۈش بويىچە بۆلۈشىمىز. ھەمكارلاشقۇچىلارغا DVD ئاپپاراتى ۋە يۇنكۇل ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئېلىنغان پلاستىنكا، شۇنداقلا 8088 V تىپلىق يانفون، بىر دانە فوتو ئاپپارات تەقدىم قىلىمىز. ھەمكارلىشىشنى خالىسىڭىز، تېزدىن بىز بىلەن ئالاقىلىشىپ توختاملىشىڭ. بىز بىلەن خەت ياكى تېلېفوندا ئالاقىلەشكۈچىلەر مۇكاپاتلاش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇلىدۇ، ئالاقىلەشكۈچىلەرنىڭ ئاۋۋالقى 5000 نەپىرى 18K لىق ئاق ئالتۇن زىنجىر، ھالقا، بىلەزۈك، DVD ئاپپاراتى، 8088 V تىپلىق يانفون، فوتو ئاپپارات قاتارلىق بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. خەت ـ ئالاقە قىلغۇچىلار زاكاز خەت ئارقىلىق ئالاقىلەشسەڭلار بولىدۇ.

联系单位: 河南省卢氏县农业资源开发扶贫中心 (检察院对面 3 楼)邮政编码: 472200

联系人: 张念波, 电话: 0398 - 7870660, 7873703(兼传真)邮购许可征: 卢邮字第 048 号.

营业执照号: 411224100018 种子经营许可征: 126 - 070




# كومپيۇتېر ۋە سالامەتلىك

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىچە، بىر قىسىم ئۇزاق مۇددەت كومپيۇتېر ئالدىدا خىزمەت قىلغان كىشىلەردە كۆز تېلىش، مۈرە، بەل قىسمى تېلىش ۋە ئۇيقۇ بىلىكىنى كۆتۈرەلمەسلىك قاتارلىق ھالەتلەر كۆرۈلىدىكەن. بەزىلەردە ھەتتا نېرۋا كونتروللۇقىنى يوقىتىش، قايغۇرۇش قاتارلىق روھىي جەھەتتىكى كېسەللىكلەر كۆرۈلىدىكەن. بۇلار «كومپيۇتېر كېسەللىكى» دەپ ئاتىلىدىكەن.

بەزى خىزمەتچى خادىملار يالتىراق ئېكراندىكى يېشىل رەڭلىك سۈرەتكە ئۇزاق مەزگىل تىكىلىپ قارىغانلىقتىن، كۆرۈش سىزىقى يالتىراق ئېكراندىن ئايرىلغان ھامان ئاق رەڭلىك تام ھال رەڭ كۆرۈنىدىكەن. بەزى مەشغۇلاتچى خادىملارنىڭ كومپيۇتېر ئۆيىدىكى ھاۋا تەركىبىدىكى مەنپىي، مۇسبەت ئىئون تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان بولغاچقا، بەدىنىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك پائالىيەتچانلىقى ماددىي تەسىرگە ئۇچرايدىكەن، شۇنىڭ بىلەن مەنىۋى پائالىيەتمۇ توسقۇنلۇققا ئۇچرايدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، خىزمەتنىڭ كومپيۇتېرلىشىشى، ئاپتوماتلىشىشىغا ئەگىشىپ خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئەمگەك سىجىللىقى كېمەيگەچكە، چوڭ مېڭىنىڭ ئوكسىگېن ئىشلىتىش فۇنكسىيىسى تۆۋەنلەيدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن، ھەتتا بەزى ئادەملەر ھاڭۋاقتى بولۇپ قالىدىكەن. ياپونىيىلىك مۇتەخەسسىسلەر بۇنى «قىزىل تومۇر قېتىشىش خاراكتېرلىك نېرۋا كېسەللىكى» دەپ ئاتايدىكەن. ھامىلىدار ئاياللار كومپيۇتېر بىلەن شۇغۇللانسا، بالدۇر تۇغۇش ۋە ھامىلە ئۆلۈپ قېلىش ئەھۋالى كېلىپ چىقىدىكەن. ياپونىيە «كومپيۇتېر مۇلازىمىتى ۋە ساقلىقنى ساقلاش، تەكشۈرۈش كومىتېتى» 250 نەپەر ھامىلىدار كومپيۇتېر مەشغۇلات خادىمىغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، بۇنىڭ ئىچىدە 18 ئايال خۇن تەۋرەش خاراكتېرلىك زەھەرلەنگەن؛ 35 ئايال بويىدىن ئاجراپ كەتكەن؛ 97 ئايالدا ھامىلە ئۆلۈپ قېلىش قاتارلىق بىنورمال ھادىسىلەر كېلىپ چىققان. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، ماگنىت دولقۇنىنىڭ زىيىنىدىن سىرت مەشغۇلاتچىلار مەنىۋى جەھەتتىن ھەددىدىن زىيادە جىددىيلەشكەچكە، قورساق قىسمىدا جىددىيلىشىش بېسىم سەزگۈسى ھاسىل بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چوڭ مېڭە ھەددىدىن زىيادە چارچاپ، يەنە بىر خىل بېسىم سەزگۈسىنى ئېغىرلاشتۇرىدىكەن.

يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر قىسىم دۆلەتلەر بەس ـ بەس بىلەن قوغدىنىش تەدبىرلىرىنى قوللانغان. مەسىلەن، كومپيۇتېر بىلەن شۇغۇللانغان خادىملار چوقۇم ئېلېكتروماگنىت دولقۇنىنى توسالايدىغان «قوغدىنىش ئەينىكى» تاقىشى، «قوغدىنىش كۆڭلىكى» كىيىشى كېرەك ئىكەن. كومپيۇتېر مەشغۇلات خادىملىرى ھەربىر سائەتتە 10 ـ 15 مىنۇتقىچە ئارام ئېلىشى لازىم ئىكەن، خىزمەت ئورۇندۇقى بىلەن كومپيۇتېرنىڭ ئارىلىقلىرىدىمۇ قاتتىق بەلگىلىمە بولىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئاياللار ھامىلىدار مەزگىلىدە ئەڭ ياخشىسى كومپيۇتېردا مەشغۇلات ئېلىپ بارماسلىقى، بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار ئۆز سالامەتلىكىنى ئاسرىشى ھەمدە سالامەتلىكىنى بەلگىلىك ۋاقىتتا تەكشۈرتۈپ تۇرۇشقا دىققەت قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە مەسىلە بايقالسا ئۆز ۋاقتىدا داۋالىنىشى كېرەك ئىكەن. (09)

(قەشقەر چوڭلار ئىنىستىتۇتى 2001 ـ يىللىق خەنزۇ تىلى ئالىي تېخنىكومىدىن مۆمىنجان ئىمىن تەرجىمىسى)

شىنجاڭ ئايالى
ئومۇمىي سىلىمەتچىسى
B گېزىتى
بوشىغدا ۋە خىسۇرخانىسى ئالاھىدە ھەمكارلاشتى
2003 ـ يىل
ماي
ئومۇمىي
(174 ـ سان)

## ياغاچ كارىۋات ۋە سالامەتلىك

ھازىر شەھەرلەردە كىشىلەر گەرچە پۈرژىنىلىق يۇمشاق كارىۋاتتا ئۇخلاشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيقۇنىڭ سۈپىتى يەنىلا ياغاچ كارىۋاتتا ئۇخلىغانغا يەتمەيدۇ. ياغاچ كارىۋاتتا ئۇخلاش بىر تەرەپتىن بەدەن گۈزەللىكىنى ساقلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن كېسەل داۋالاش ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە بولۇپ، ئادەم بىر كېچە ياغاچ كارىۋات ئۈستىدە يېتىپ ئۇخلاش جەريانىدا پۇت بوغۇملىرى ۋە بەدەننىڭ باشقا جايلىرىدىكى تارتىشىپ ئاغرىش قاتارلىق ئەھۋاللار ئۇۋۇلاپ، چېنىقىپ داۋالىنىسىمۇ، تۈز يېتىش ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزلۈكىدىن تۈزىلىپ قالىدۇ. تاختاي بىلەن ياسالغان ياغاچ كارىۋاتلاردا ئۇخلىغاندا، ئادەمنىڭ دۈمبە، پۇت بوغۇملىرىدىكى ئېگىلىپ قالغان ئورۇنلار ئۆزلۈكىدىن رۇسلىنىپ قالىدۇ، بەدەننىڭ نورمال ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. چوڭلارغا قارىغاندا بالىلارنى ياغاچ كارىۋاتتا ياتقۇزۇپ ئادەتلەندۈرۈپ بېرىش تېخىمۇ پايدىلىق بولۇپ، ئۇ، بالىلارنىڭ بەدىنىنى تۈز سىزىق بويىچە كۆركەم، بەستلىك قىلىپ چوڭايتىدۇ. قىزلار ياغاچ كارىۋاتتا ئۇخلىسا، بەدىنى تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ. ياغاچ كارىۋاتتا ئۇخلاش خەلقىمىزنىڭ بىر خىل ئەنئەنىسى بولۇپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭمۇ ئۆمۈرۋايەت ياغاچ كارىۋاتتا ئۇخلىغانىكەن. (02)

(رېشىت راخمان. ت)

## كۆكۈلسىزلىكلەر ۋە يۇقىرى قان بېسىم

كانادا ئالىملىرىنىڭ تەتقىق قىلىپ ئىسپاتلىشىچە، كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆڭۈللۈك بولغان نىكاھ سالامەتلىككە پايدىلىق بولۇپ، ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىدىكەن. ئەكسىچە، كۆڭۈللۈك بولمىغان نىكاھ ئادەمنىڭ كەيپىياتىنى تۇراقسىزلاشتۇرۇپ، يۇقىرى قان بېسىم كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن. تورونتو باش دوختۇرخانىسىدىكى دوختۇر بىكىر ئەپەندىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇشىچە، كىشىلەر ئارىسىدىكى كۆڭۈللۈك بولغان نىكاھ ـ مۇھەببەت ئادەمنىڭ قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش رولىنى ئويناپ، كۆڭۈللۈك بولمىغان نىكاھ ـ مۇھەببەت قان بېسىمىنى يۇقىرىلىتىۋېتىدىكەن. دوختۇر بىكىرنىڭ ئېيتىشىچە، گەرچە كىشىلەر نورمۇشتىكى كۆڭۈلسىزلىك ۋە خاپىلىق كەيپىياتىنىڭ يۇقىرى قان بېسىمى كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، ئەمما ئەزەلدىن ھېچقانداق كىشى نىكاھ ـ مۇھەببەتنىڭ قان بېسىمغا بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك تەسىرىنى تەتقىق قىلىپ باقمىغانىكەن. بىكىر ئەپەندى ئۆزىنىڭ تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا جەمئىي 103 كىشىنى قاتناشتۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نىكاھتا ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ يۈرەك دىۋارى، مۇسكۇللىرى قېلىن بولۇش بىلەن يۇقىرى قان بېسىممۇ بىرقەدەر خەتەرلىك ئەھۋالغا قاراپ يۈزلەنگەنىكەن. (02)

(رېشىت راخمان. ت)

## ھور دەزمالنى قانداق ئاسراش كېرەك؟

(1) ھور دەزمالغا سۇ قۇيغاندا، ئەڭ ياخشىسى سوۋۇتۇلغان قايناق سۇنى قۇيۇش كېرەك. چۈنكى، سوۋۇتۇلغان قايناق سۇدا مۇرەككەپ ماددىلار ۋە سۇ دېغى بولمايدۇ. دەزمالنىڭ ھور چىقىش تۆشۈكچىلىرىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئەگەر دەزمال ئىچىدە ئاز مىقداردا سۇ داغلىرى بولسا، ئۇنىڭ ئىچىگە ئازراق كۆچلۈك ئاچچىقسۇ قۇيۇپ، دەزمالنى قايتا قىزىتقاندا، كۆچلۈك ئاچچىقسۇنىڭ ھەممىسى پارغا ئايلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سۇ داغلىرىمۇ چىقىپ كېتىدۇ.

(2) ھەر قېتىم ھور دەزمالنى ئىشلىتىپ بولۇپ، داتلىشىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يەنە قايتا بىرنەچچە مىنۇت قىزىتىپ، ئىچىدىكى سۇنىڭ ھەممىسىنى پارغا ئايلاندۇرۇپ چىقىرىۋېتىش كېرەك.

(3) دەزمالنى بىر مەزگىل ئىشلەتكەندىن كېيىن، دەزمال يۈزىدىكى پار تۆشۈكچىلىرىنى تازىلاپ تۇرۇش كېرەك. تازىلاش ئۇسۇلى: ئىنچىكە سىمنى پار تۆشۈكچىلىرىگە كىرگۈزۈپ تازىلاش ياكى پەلكۈچنى قويۇق سوپۇن سۈيىگە چىلاپ تازىلاشتىن ئىبارەت.

(4) كىيىم ـ كېچەكلەرگە دەزمال سالغاندا، دەزماللانغان كىيىملەرنىڭ يۈزىنى بۇزۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن، دەزمالنى سىيرىتما ۋە باشقا قاتتىق نەرسىلەر ئۈستىدە ماڭغۇزماسلىق كېرەك. (02)

(پاتىگۈل قادىر. ت)

## رەڭگارەڭ دېڭىزلار

**1. قىزىل دېڭىز:** قىزىل دېڭىز ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمى بىلەن ئافرىقا قۇرۇقلۇقى ئوتتۇرىسىدىكى دېڭىز بولۇپ، ئۇنىڭ تۇزلۇقلۇق دەرىجىسى 40% تىن ئاشىدۇ. قىزىل دېڭىز ساھىلىدا نۇرغۇنلىغان قىزىل رەڭلىك دېڭىز يوسۇنلىرى ئۆسكەچكە، قىزىل دېڭىز دەپ ئاتالغان.

**2. سېرىق دېڭىز:** مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بوخەي دېڭىزى بىلەن دۇڭخەي دېڭىزى ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، سېرىق توپىلىق ئېگىزلىكتىن ئېقىپ ئۆتىدىغان خۇاڭخې دەرياسى كۆپ مىقداردا قوم - لايلارنى بىللە ئېقىتىپ كەلگەچكە، دېڭىز سۈيى سېرىق رەڭگە كىرىپ قالغان.

**3. قارا دېڭىز:** ياۋروپانىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمى بىلەن كىچىك ئاسىيا ئارىلى ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز ئاستىدىكى لايلار سېسىپ قارىداپ كەتكەچكە، دېڭىز سۈيى قارا كۆك رەڭدە كۆرۈنىدۇ.

**4. ئاق دېڭىز:** شىمالىي مۇز ئوكيان تەرەپتىكى دېڭىز بولۇپ، ئۇ رۇسىيىنىڭ كولا يېرىم ئارىلى ئەتراپىغا جايلاشقان. ئۇنى يىل بويى قار - مۇز قاپلاپ تۇرغاچقا، ئاق دېڭىز دەپ نام بېرىلگەن.

**5. يېشىل دېڭىز:** سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن ئىران ئارىسىدا بولۇپ، بۇ جايدا ئۇزاق مەزگىل كۆپ مىقداردا يېشىل يوسۇنلەر ئۆسكەچكە، دېڭىز سۈيىمۇ يېشىل رەڭلىك كۆرۈنىدۇ. (02)

(پاتىگۈل قادىر. ت)

## شامنى يورۇتۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەندىن سىرت، تۆۋەندىكىدەكمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ

1. تېلېۋىزور ئانتېننىسىنى ئورناتقاندا، ئانتېننا بىلەن تېلېۋىزور سىگنال سىمىنى ئۇلاپ بولغاندىن كېيىن، ئېرىتكەن شامنى ئۇلانغان ئورۇنغا تېمىتىپ، پلاستىر بىلەن چاپلىۋەتسەك، ئۇلانغان ئورۇن ئاسانلىقچە چىرىمەيدۇ.

2. ئۆينىڭ ئىچى تاماكا ئىسىغا تولۇپ كەتكەندە، ئىككى تال شامنى يېقىپ قويسا، تاماكا ئىسى بىردەمدىلا يوقىلىدۇ.

3. بوتۇلكىنىڭ ئاغزى ھىم بولمىسا، كاۋاك ئورۇنغا شام سۈرۈپ قويسا، ھىملىكى ئەسلىگە كېلىدۇ.

4. سىرلىق قاچىلارنىڭ سىرى چۈشۈپ كەتكەن ئورۇنغا ئازراق شام سۈرۈپ قويسا، داتلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

5. ئۆي جاھازلىرىنىڭ تارتمىلىرىنىڭ ئىگىگە بىر قەۋەت شام سۈرۈپ قويسا، تارتمىنى ئېچىپ - يېپىش ئاسانلىشىدۇ، شۇنداقلا ئېچىپ - يېپىشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئۇپراش ئازىيىدۇ. (02)

(قەمبەر ئىنايەت. ت)

## روھىي ھالىتىڭىز ساغلاممۇ؟

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ سەھىيە ئىدارىسى كىشىلەر روھىي ھالەت ساغلاملىقىنىڭ تۆۋەندىكى ئون تۈرلۈك ئالاھىدىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى، قېنى، سىز ئۇلارنى ئوقۇپ ئۆز - ئۆزىڭىزگە سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ. ئۇ مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

(1) ئۆز - ئۆزىگە نىسبەتەن يېتەرلىك دەرىجىدە بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇش؛ (2) ئۆز - ئۆزىنى تولۇق چۈشىنىش ۋە ئۆز ئىقتىدارىغا نىسبەتەن توغرا باھا بېرەلەيدىغان بولۇش؛ (3) تۇرمۇشى بىلەن غايىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇش؛ (4) ئەمەلىيىتى ئەتراپىتىكى مۇھىتتىن چەتنەپ كەتمىگەن بولۇش؛ (5) ئۆزىدە مۇكەممەل ئادەمگەرچىلىكنى يېتىلدۈرگەن ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرغان بولۇش؛ (6) ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن تەجرىبىلەردىن ئۆگىنىپ، ئۆزىنى تەربىيىلەيدىغان بولۇش؛ (7) ياخشى بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەتنى قەتئىي داۋاملاشتۇرالايدىغان بولۇش؛ (8) مۇۋاپىق دەرىجىدە ئاچچىقىنى چىقىرالايدىغان ۋە مىجەزىنى كونترول قىلالايدىغان بولۇش؛ (9) كوللېكتىپنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش شەرتى ئاستىدا، يەنە چەكلىك دەرىجىدە ئۆزىنىڭ شەخسىي رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان بولۇش؛ (10) جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، مۇۋاپىق دەرىجىدە ئۆزىنىڭ شەخسىي تەلىپىنى قاندۇرالايدىغان بولۇش. (02)

(رېشىت راخمان. ت)




# ئۆمۈرنىڭ گۈزىلى ياشلىق









ھۆسنخەتلەرنى ئىسمائىل ئىبراھىم يازغان



# ۋىجدان بىلەن ياشايلى

——— ئىبراھىمجان نىياز ———

مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2002 ـ يىللىق سانلىرىدا «ۋىجدان مۇھىممۇ، پۇلمۇ» دېگەن سوئالنى چۆرىدەپ، بىر قاتار مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىلدى. بۇ مۇلاھىزىلەردە ماڭا گويا ئەخلاق، ئەقىدە، ۋىجدان كىرىزىسى ئېغىرلاپ، بىر مەيدان ئەخلاق، ئەقىدە، ۋىجدان تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش زۆرۈر بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

«ۋىجدان مۇھىممۇ، پۇلمۇ» دېگەن بۇ سوئال ھەقىقەتەن يەككىلىك بىلەن جاۋاب بەرگىلى بولمايدىغان، ئادەمنى قىينايدىغان، شۇنداقلا ئىرىكچىلىك سەھنىسىدىكى ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ جاۋاب بېرىشى زۆرۈر بولغان بىر سوئال. بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، چوقۇم ئالدى بىلەن پۇل بىلەن ۋىجداننىڭ خاراكتېرى، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت ھاياتى ۋە كىشىلىك ھاياتتا ئوينايدىغان رولى ھەققىدە ئېنىق، كونكرېت چۈشەنچە بولۇشى كېرەك.



ۋىجدان ئابستراكت ئۇقۇم، ئۇ «مۇقەددەس قەلب قانۇنى»، «ئادىل ئەخلاق سوتچىسى»، «نومۇس ـ ھايا ئەينىكى»، «كىشىلىك ھاياتنىڭ توغرا يېتەكچىسى» بولۇپ، ئۇ ئادەملىك سۈپەت، پەزىلەتنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ ۋە ئەخلاق كاتېگورىيەسىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ كىشىلىك ھاياتتا ۋە ئىرىكچىلىك پائالىيەتلىرىدە سەمىمىي، راستچىل بولۇش، ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق، ۋاپاسىزلىق قىلماسلىق، ناھەقچىلىك ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ بىر خىل ساپ تۇيغۇ بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ تەربىيىلىنىش ئەھۋالى، بىلىم سەۋىيىسى، دۇنيا ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، مەنىۋى ساپا ـ سۈپىتىگە ئاساسەن بەلگىلىك پەرقلەر بولىدۇ. ئۇ كىشىلىك تۇرمۇش ۋە جەمئىيەت ھاياتىدا ساپ دىللىق، سەمىمىلىك، راستچىللىق، ئاق كۆڭۈللۈكنى قوغداپ، ھەققانىيلىق ۋە ئادالەتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەخلاقىي ئاڭنى كۈچەيتىپ، مەنىۋى ساغلاملىقنى ئاشۇرۇپ، بەخت ـ ئاسايىشلىقنى مۇستەھكەملەش رولىنى ئوينايدۇ. پۇل — كونكرېت ئۇقۇم ۋە كونكرېت نەرسە، يەنى ئالاھىدە لايىھىلەنگەن، قىممىتى بەلگىلەنگەن، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىسى. ئۇ جەمئىيەت ھاياتىنىڭ ماددىي ئاساسىنى تەشكىل قىلىش ۋە يۈكسەلدۈرۈشتە، كىشىلىك ھاياتىنىڭ ماددىي ئاساسىغا كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. پۇل ئەسلىي ۋاسىتىلىكتىن مەقسەتكە ئايلاندۇرۇلغاندىلا، يىرگىنچلىك نەرسە بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئۇنى پەقەت ئادەملەرلا، يەنە كېلىپ شەخسىيەتچىلىك

ئېگى كۈچلۈك، نەپسانىيەتچى، روھى پۈچەك، نادان، ئەخلاق ئېگى تۆۋەن، ۋىجدان تۇيغۇسى ئاجىز ئادەملەرلا ۋاستىلىكتىن مەقسەتكە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ.

جەمئىيەت ۋە كىشىلىك ھايات ماددىي قاتلام ۋە مەنىۋى قاتلامدىن ئىبارەت ئىككى قاتلامدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، پۇل ئەنە شۇ ماددىي قاتلامغا، ۋىجدان مەنىۋى قاتلامغا سىمۋوللۇق تۈستە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ماددىي قاتلام بىلەن مەنىۋى قاتلام ھامان زىددىيەتلىك ھالەتتە تۇرىدۇ. بۇ خىل زىددىيەتلىك ھالەت رېئال تۇرمۇشتا ۋىجدان بىلەن پۇلنىڭ توقۇنۇشۇشى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى ئاخىرقى ھېسابتا شۇ جەمئىيەت مەنىۋى قاتلىمىنىڭ ساپا ـ سۈپەت دەرىجىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. جەمئىيەت مەنىۋى قاتلىمىنىڭ ساپا ـ سۈپەت دەرىجىسى شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىدا ساغلام ئاڭ، ئىلغار ئىدىيە، گۈزەل ئەخلاقىي كەيپىياتنىڭ ئومۇملىشىش دەرىجىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. كىشىلىك ھاياتنىڭ تاكامۇللۇقىمۇ شۇ كىشىنىڭ مەنىۋى كامالىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ساپاسىغا، ئەخلاق ئېگىنىڭ ساغلاملىقىغا ۋىجدان ساپاسى كاپالەتلىك قىلىدۇ. ۋىجدانلىق ئادەملەر زور سالماقنى ئىگىلىگەن جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى قاتلام ساپاسى يۇقىرى، ئومۇمىي ئەخلاق كەيپىياتى كۈچلۈك بولىدۇ. ۋىجدانلىق ئادەملەر ئاز ھەم قەدىرسىز جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى قاتلىمى پۈچەك، ئومۇمىي ئەخلاق كەيپىياتى ئاجىز بولىدۇ. بۇنداق جەمئىيەتتە ماددىي مەنپەئەت ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدۇ، پۇل مەقسەتكە ئايلىنىپ، رەزىللىك مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ.

دەرۋەقە، جەمئىيەت خىلمۇخىل زىددىيەتلەرگە تولغان. ئادەم ئاشۇ خىلمۇخىل زىددىيەتلەرنىڭ مەركىزىدە تۇرغاچقا ھەمدە ھەر ۋاقىت خىلمۇخىل تاللاشلارغا دۇچ كېلىپ تۇرغاچقا، قايمۇقۇش، ئېزىقىش، سەۋەنلىك، خاتالىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ. بولۇپمۇ ئادەم ياشلىقىدا بىلىمىنىڭ يېتەرسىز، نەزەر دائىرىسىنىڭ تار، ھايات تەجرىبىسىنىڭ كەم بولۇشى تۈپەيلى، رېئال تۇرمۇشتىكى ماھىيەت بىلەن ھادىسىنى ئېنىق پەرق ئېتىپ بولالماي، ئاسانلا قايمۇقۇپ قالىدۇ. لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، ھاياتتا قايمۇقۇپ، ئېزىقىپ ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىك، خاتالىقلارنى تۈزەتكىلى بولسىمۇ، ۋىجدانسىزلىقنى تۈزەتكىلى بولمايدۇ. ئادەم ۋىجدان بۇيرۇقى بويىچە ياشىسا، بەلكىم مەرتىۋە، ئىمتىياز، بايلىق، ھەشەمەتتىن مەھرۇم قېلىپ، ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئېرىشەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ھەرگىز ۋىجدان ئازابىغا قالمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئادەم ياشلىقىدىن باشلاپ ئۇلۇغۋار غايە تىكلەپ، يۈكسەك ئىرادە تۇرغۇزۇپ، ساغلام، جۇشقۇن، قىزغىن روھىي ئىزچىللىقتا ۋە قەتئىيلىكتە ئىگە ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈشى، ھارماي ـ تالماي ئۆگىنىپ، بىلىم ۋە نەزەر دائىرىسىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ تۇرۇشى، مەنىۋى ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشى، جەمئىيەت، كىشىلىك ھايات ۋە تۇرمۇش ھەققىدە ئېنىق، توغرا قاراش ھاسىل قىلىشى، ئۆز بۇرچىنى ئوبدان تونۇپ، جەمئىيەتكە ۋە ئۆزىگە مەسئۇل بولۇپ، ھەر ۋاقىت ۋىجدان بىلەن ئىش كۆرۈشى، ھەرقانداق پەيت، ھەرقانداق مۇھىتتا ۋىجداننى ساقلىشى لازىم.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، ۋىجدان ھەممىدىن قىممەتلىك. شۇنداق ئىكەن، ھەممىمىز ۋىجدان بىلەن ياشايلى! شۇندىلا مەنىۋى ساپاسى يۇقىرى، ئەخلاق كەيپىياتى كۈچلۈك، ماددىي مەنپەئەت مول بولغان بەخت ـ سائادەتلىك جەمئىيەت بەرپا قىلالايمىز.(05)

(ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتە)

(بېشى 4 ـ بەتتە)

115 ياشقا كىرگەن ئۆمۈر چۆلپىنى قادىر سادىقمۇ كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ، مەلۇم پىيادە ئەسكەرلەر قىسمىنىڭ تۇەنجاڭى لوچاڭغا: «مۇشۇ ياشقا كىرگىچە، نەچچە ھۆكۈمەتنى، نەچچە ئارمىيىنى كۆرگەنمەن، ئەمما ھېچقايسىسى ئازادلىق ئارمىيىگە يەتمەيدىكەن» دەيدۇ.

مەلۇم قىسىمنىڭ ئاشپەزلەر ئەترىتىگە ھەر كۈنى بىر ئالاھىدە «ئاشپەز ئەسكەر» كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىدۇ، بۇ قىزچاق سەي يۇيۇش، تۇغراش، گۈرۈچ ئا ـ دالاپ تاماق ئېتىشتىكى ماھىر بولۇپ، ئۇ 9 ـ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى گۈلئەلى يۈسۈپ ئىدى، ئۇ ئاكتىپلىق بىلەن ئاشپەزلەر ئەترى ـ تىگە ياردەملىشىدۇ. گۈلئەلى بىزگە، ئازادلىق ئارمىيە ـ نىڭ خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي يۇرتداشلىرىنى قۇت ـ قۇزغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا ياردەم بەرگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى، ئۇلارغا قانداق رەھمەت ئېيت ـ تىشنى بىلەلمەيۋاتقانلىقىنى، شۇڭا ئوفىتسېر ـ ئەس ـ كەرلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەملىشىپ تاماق ئېتىشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. رەھىمسىز تەبى ـ ئىي ئاپەت ھەر مىللەت ئاممىسىنى بەختسىزلىككە دۇچار قىلدى. ئەمما، چىگرا رايوندىكى ئارمىيە ـ خەلقنىڭ تەبىئىي ئاپەت ئالدىدى ـ كى بۇ خىل قىممەتلىك مې ـ ھىر ـ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈك باي ـ لىق ھېسابلىنىدۇ. يۇرتداشلار ئا ـ زادلىق ئارمىيىگە رەھمەت ئېيتى ـ دۇ، ئازادلىق ئارمىيىمۇ ئوخشاشلا ئاق كۆڭۈل چېگرا رايون خەلقىگە رەھمەت ئېيتىدۇ، بۇ خىل ئاي ـ رىلماس مېھىر ـ مۇھەببەت مەڭ ـ گۈ داۋاملاشقۇسى.

**قايتا قۇرۇش ئۈمىدى**

يەر تەۋرەشنىڭ 10 ـ كۈنى

مەن بىر تىنك ئۇچار ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، ئاپەت يۈز بەرگەن رايوننىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا بىرنەچچە قېتىم ئايلاندىم. ئاپەتنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان نۇرغۇن ئۆي ـ ئىمارەتلەر ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ كۆرۈ ـ نۈشلەر ئادەمنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايتتى، چۈنكى، شۇنچىۋالا كۆپ قېرىنداشلار ئۆي ـ ماكانىدىن ئايرى ـ لىپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ يەردە يەنە ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان ئىشلارمۇ بار ئىدى. قاتار ـ قاتار كەتكەن ئىسسىق چېدىر ئۆيلەر، مەيىن شامالدا لەپىل ـ دەپ تۇرغان قىزىل بايراقلار، ئالدىراش ھەرىكەت قىلى ـ ۋاتقان توپ ـ توپ گەۋدىلەر ناھايىتى روشەن ھالدا كۆزگە تاشلىناتتى. چېدىرلار بولسا، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق ئاممىسىنىڭ ۋاقىتلىق ئۆيى، قىزىل بايراق بول ـ سا، قىسىمنىڭ بايرىقى، گەۋدىلەر بولسا، ئالدىراش ھالدا ئاپەتكە ئۇچرىغان يۇرت ـ ماكانىنى قايتا قۇرۇۋاتقان ئا ـ زادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى ۋە يەرلىك خەلق ئاممىسى ئىدى. بىزنىڭ كۆرۈۋاتقىنىمىز جاسارەت ۋە ئۈمىدۋار ـ لىق، بىزنىڭ دىققەت مەركىزىمىزدە ئەكس ئەتكىنى بولسا، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى گۈزەل يۇرت ـ ماكانى ۋە بەختلىك تۇرمۇشى ئىدى.

(05)

(سۈرەتنى خەن شۈەنجۇ تارتقان)






# مەرىپەت دېگەن نېمە

——— ئەلىبېك رۇستەم ———

مەرىپەت دېگەن سۆز مەنە نۇقتىسىدىن بىلىم تۇرىنى بىلدۈرىدۇ. بىلىم بولسا بىرنەرسىنى ئېنىقلاش ياكى بىر ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان مەلۇماتنى كۆرسىتىدۇ. بىلىش مەلۇم مەلۇماتقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتۇر. مەرىپەت ھەم بىلىشنى، ھەم بىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن، ھەرقانداق بىلىش ۋە بىلىمنىڭ ھەممىسى مەرىپەت دەپ ئاتالمايدۇ. چۈنكى، مەرىپەت ئالىي دەرىجىدىكى بىلىش ۋە بىلىمدۇر. مەسىلەن، سۇنىڭ ئۇسسىغاندا ئىچىلىدىغان سۇيۇقلۇق ئىكەنلىكىنى كىچىك بالىمۇ بىلىدۇ. دېمەك، بالا سۇ ھەققىدە ئاددىي بىلىمگە ئىگە، ئەمما بۇنداق بىلىمنى مەرىپەت دەپ بولمايدۇ. سۇ ھەققىدە ئوقۇپ، تەكشۈرۈپ ھاسىل قىلىنغان بىلىم بىلىنگ ياكى ئىلىم دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن ئىلىممۇ مەرىپەتكە نىسبەتەن چەكلىكتۇر. يەنە سۇنى ئالساق، ئۇنىڭدا سۇنىڭ تەركىبى، بۇ تەركىبنىڭ بۆلەكلەرگە ئايرىلىشى ۋە بۆلەكلەرنىڭ قوشۇلۇپ بىر پۈتۈن ھالغا كېلىشى، سۇنىڭ بىر ھالەتتىن ئىككىنچى بىر ھالەتكە ئۆتۈشى، باشقا نەرسىلەرگە قوشۇلۇش ـ قوشۇلماسلىقى، ئۇنىڭ باشقا نەرسىلەرگە تەسىرى ۋە باشقا نەرسىلەردىن تەسىرلىنىشى، قەيەردە، قايسى ھالدا بار بولۇشى قاتارلىق ئۇقۇملار مەۋجۇت. مانا شۇ ئۇقۇملارنىڭ بىرى ھەققىدىكى بىلىم، ئىلىم ۋە ئۇنى بىلگەن كىشى ئالىم دېيىلىدۇ. لېكىن بۇمۇ مەرىپەت ھېسابلانمايدۇ. بارلىق ئىلىملەر ئاساسىدا ھاسىل بولغان تىرەن بىلىم مەرىپەت ھېسابلىنىدۇ.

مەرىپەت ئۆگىنىۋاتقان نەرسىنىڭ ۋە ئۇ ھەقتىكى ئىلىمنىڭ نېمە ئۈچۈن كېرەكلىكى ۋە قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى بىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، مەرىپەت دېگەن سۆز پۈتۈن بارلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلىش ھەققىدىكى بىلىمگە نىسبەتەنمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇنداق مەرىپەتكە ئىگە بولغان كىشى مائارىپچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇشتا، مەرىپەت دېگەن ئۇقۇم ھەربىر كىشىنىڭ ئىنسانغا خاس ياشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىلىملەر يىغىندىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مانا شۇ مەنىدىكى مەرىپەت بىلەن باغلىق بولغان ئىشلار مائارىپ دەپ ئاتىلىدۇ. ئەلگە مەرىپەت تارقاتقۇچى كىشى مەرىپەتچى، مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى، مائارىپچى دېيىلىدۇ.

مەرىپەت ھەربىر كىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىنسانغا خاس ياشىشى ئۈچۈن زۆرۈردۇر. بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئىنسان بىلەن ھايۋاننىڭ ھاياتىنى قىياسلاشقا توغرا كېلىدۇ. ھايۋان ياشاش جەريانىدا يەپ ـ ئىچسە، جۈپلەشسە بولدى. ئۇنىڭ ھەممە ھەرىكىتى مانا مۇشۇ ئىككى تەلەپنى قاندۇرۇشقا قارىتىلغان بولىدۇ. ئۇ مەرىپەتكە ياكى ھۈنەر ـ سەنئەتكە موھتاج ئەمەس. ھايۋاندىكى مەزكۇر تەلەپلەر جىسمانىي تەلەپلەر دېيىلىدۇ. چۈنكى، شۇ تەلەپلەرنى قاندۇرۇش ھايۋاننىڭ جىسمانىي جەھەتتىن تىرىكلىكىنى ۋە نەسلىنى داۋام قىلدۇرۇشنى تەمىنلەيدۇ. ئىنساندىمۇ بۇنداق جىسمانىي تەلەپلەر بار، لېكىن ئۇنىڭدا يەنە پەقەت ئىنسانغىلا خاس بولغان مەنىۋى تەلەپلەرمۇ بار. ئەگەر ئادەم پەقەت جىسمانىي تەلەپلەرنى قاندۇرۇش بىلەنلا چەكلەنسە، ئۇنىڭ ھاياتى ھايۋانىي دەرىجىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلمەيدۇ. ئۇ ئۆز ھاياتىنى ئىنسانىي دەرىجىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن مەنىۋى ئوزۇق ئېلىشى كېرەك. بۇ خىل ئوزۇق قانچە كۆپ بولسا، ئۇنىڭ ئىنسانىيلىقى شۇنچە يۈكسىلىدۇ. (05)

# چاقچاق قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ

—— سىدىق يۇسۇپ ——

چاقچاق، قىزىقچىلىق قىلىش، ئوينىشىش، ھەزىلكەشلىك قىلىش، باشقىلارنى كۈلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ. جايىدا قىلىنغان چاقچاق ئادەمنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئادەمنىڭ غەيرىتىگە ئىلھام بېرىدۇ، كەيپىياتنى جانلاندۇرۇپ، دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. قەدىمكىلەرنىڭ: «بىر قېتىم كۈلسەڭ ئون ياش ياشىرىسەن» دېگەن سۆزى كۈلكىنىڭ تېبابەت ۋە ساغلاملىقتىكى ئىجابىي رولىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

چاقچاقنىڭ شەكلى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى سۆز ۋە ھەرىكەتتە ئىپادىلىنىدۇ. سۆزدە ئىپادىلىنىشتە قىزىقارلىق سۆزلەر ياكى يۇمۇرلۇق سۆزلەر بىلەن ئادەمنى ئۈچەيلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك كۈلدۈرىدۇ. ھەرىكەتتە بولسا، ھەييارلىق بىلەن بىرەر سەلبىي ئوبرازنى دوراپ باشقىلارنى كۈلدۈرىدۇ. چاقچاق قىلغاندا سۆز ۋە ھەرىكەتنى تەڭلا ئىشلىتىپ، ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ، چاقچاقنى جايىدا قىلىش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئۇنداقتا، چاقچاق قىلغاندا قايسى تەرەپلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

**1. ئوبيېكتقا قاراش كېرەك.** رېئال تۇرمۇشتا، كىشىلەرنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى ھەر خىل بولىدۇ. ئوخشىمايدىغان مەدەنىي ساپا، ئوخشىمايدىغان مۇھىتنىڭ تەسىرىدىن كىشىلەرنىڭ چاقچاققا بولغان «ماسلىشىشچانلىقى» مۇ ئوخشىمايدۇ. ئادەتتە، تونۇشلار، قۇرداشلار ۋە ئۇزاق ۋاقىت بىرگە خىزمەت ئىشلەۋاتقان خىزمەتداشلارنىڭ چاقچاقلىشىشى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ ئىناقلاشتۇرۇپ، دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. لېكىن، يېڭىدىن تونۇشقانلارغا، ئۆزىڭىزدىن چوڭلارغا ۋە ئادەتتە چاقچاق قىلىشنى ئانچە ياقتۇرمايدىغانلارغا چاقچاقنى ئازراق قىلغان ياكى قىلمىغان ياخشى. ئەر ـ ئاياللار چاقچاقلاشقاندا ئېھتىياتچان بولۇش، بىرەر ئۇقۇشماسلىق ۋە كۆڭۈلسىزلىكنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

**2. سورۇنغا قاراش كېرەك.** چاقچاق قىلىشتىكى ئالدىنقى شەرت شۇكى، چاقچاق كەسپىكە، خىزمەتكە ۋە باشقىلار بىلەن بولغان ئىنتىپاقلىققا تەسىر يەتكۈزمەسلىكى، بەلكى ئۇنىڭغا پايدىلىق بولۇشى كېرەك. مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلغاندا، تەربىيە كۆرگەن، يۈكسەك ئاقىلانىلىككە ئىگە كىشىلەر باشقىلار شان ـ شەرەپكە ئېرىشكەن، تەشكىلىي جەھەتتە ئالغا ئىلگىرىلىگەن، توي ـ تۆكۈن قاتارلىق خۇشاللىق سورۇنلىرىدا كۈلكىلىك سۆزلەر بىلەن قارشى تەرەپنى تەبرىكلەش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى شادلاندۇرىدۇ. لېكىن، شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلار ئۆلۈم ـ يېتىم سورۇنلىرىدا، ئېغىر كېسەل بار جايدا ۋە ياكى باشقىلار بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغاندا سورۇن تاللىماي چاقچاق قىلىپ، باشقىلاردا يامان تەسىر قالدۇرىدۇ. شۇڭا، سۈرلۈك، كەسكىن، جىد-



دىيىلىك تۇسىنى ئالغان سورۇنلاردا چاقچاقلاشماسلىق كېرەك.

**3. چاقچاقنىڭ سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.** چاقچاقنىڭ سۈپىتى دېگىنىمىزدە، ئاساسلىقى چاقچاق مەزمۇنىنىڭ ساغلام بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزى كىشىلەر چاقچاق قىلغاندا ھەمىشە بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلمايدۇ. ھە دېسىلا پاسكىنا، شەھۋانىي، سەت گەپلەرنى چاقچاق ئورنىدا ئىشلىتىپ، ئاڭلىغۇچىلارنى بىزار قىلىدۇ. يەنە بەزىلەر چاقچاق قىلدىم دەپ، ئەرزىمەس گەپلەرنى قىلىپ باشقىلارنى جەلپ قىلالمايلا قالماي، بەلكى نەزەردىن چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنداق ئادەملەر چاقچاق دېگەننىڭ باشقىلارنى خۇشال قىلىش، كۈلدۈرۈش ئىكەنلىكىدەك مەنىسىنى ئەسلا چۈشەنمەيدۇ. بۇنداق چاكىنا، تېتىقسىز، ھەتتا پەس ئارزۇ ـ ھەۋەستىكى «چاقچاق» لار يولداشلار ۋە دوستلار ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، نورمال كىشىلىك مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىسىز. شۇڭا، بۇنداق چاقچاقلارنى نەدە ئاڭلىساق، شۇ يەردە قەتئىي چەكلەش كېرەك.

**4. چاقچاق جايىدا بولۇش كېرەك.** نېمە ئۈچۈن بەزى كىشىلەر كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن ماجىرا تۇغدۇرۇپ، غوۋغا چىقىرىدۇ؟ بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن سەۋەبلەرنى چاقچاقنىڭ جايىدا (ھەددىدە) بولماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا، چاقچاق قىلغاندا چوقۇم ھەددىدە بولۇش، چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. چاقچاقنى قايسى دەرىجىدە قىلىشتا جەزمەن كۆڭۈلدە سان بولۇشى، چاقچاق مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە توختاپ قېلىش لازىم. قىلغان چاقچىقىڭىزنى قارشى تەرەپنىڭ قوبۇل قىلىش ـ قىلالماسلىقى بىلەن كارىڭىز بولماي، ئۆزىڭىزنىڭ بىردەملىك كۆڭۈل خۇشلۇقىڭىزنى دەپ قالايمىقان چاقچاق قىلسىڭىز، قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويىسىز.

**5. چاقچاق قىلغاندا ئۇسۇلغا دىققەت قىلىش كېرەك.** چاقچاق ئادەمگە قاراپ قىلىنىشى كېرەك. مىجەزى ئوچۇق ـ يورۇق، چاقچاقچى ئادەملەرگە «خەلقئارالىق چاقچاق» قىلسىڭىزمۇ ئۇلار چاقچىقىڭىزنى كۆتۈرىدۇ. لېكىن، مىجەزى جىمغۇر، كەم سۆز ئادەملەرگە ئادەتتە چاقچاق قىلماسلىق كېرەك، ئۇلار كۆتۈرەلمەيدىغان، چەكتىن ئاشقان چاقچاقنى تېخىمۇ قىلماسلىق كېرەك.

**6. باشقىلار ئېغىر ئالىدىغان چاقچاقنى قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم.** بەزى كىشىلەردە فىزىئولوگىيىلىك كەمتۈكلۈك سەۋەبىدىن ياكى تۇرمۇش ئادىتى تۈپەيلىدىن شۇ كىشىنىڭ بىرەر نۇقسان ياكى ئەيىبى بولىدۇ. چاقچاق قىلغۇچى ئەيىبى بار كىشىگە چاقچاق قىلغاندا، شۇ كىشىنىڭ ئەيىبىگە ئالاقىدار سۆز ۋە ھەرىكەتلەر بىلەن چاقچاق قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىگە ئېغىر زەربە بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىڭىزنىڭ تەربىيە كۆرمىگەن ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ئاشكارىلاپ قويىسىز.

**7. ناتوغرا چاقچاقلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.** بەزىلەر قارشى تەرەپنىڭ چاقچاق قىلدىم دەپ ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە تەسىر يەتكۈزگەنلىك تۈپەيلى ئاچچىقى كېلىپ چاقچاق قىلغۇچىنى ئەيىبلەيدۇ، ھەتتا ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايدۇ. بۇنداق قىلغاندا كىشىلىك مۇناسىۋەتكە تەسىر يېتىپلا قالماي، بەلكى ئۆزىنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ تارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق ناتوغرا چاقچاقلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ ئەڭ ياخشى چارە — ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش. بۇنداق چاقچاقلارغا يولۇققاندا پەرۋا قىلماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتۇش ياكى كۈلۈپلا ئۆتكۈزۈۋېتىش كېرەك. بولۇپمۇ ئۆزىڭىز كۆپچىلىكنىڭ ھۇجۇم نىشانىغا ئايلىنىپ قالغىنىڭىزدا، باشقىلارنىڭ سىز بىلەن ئوينىشىپ چاقچاق قىلغىنىغا بەرداشلىق بېرىشىڭىز كېرەك.

قىسقىسى، چاقچاق — ئىجتىمائىي ئالاقە سەنئىتى بولۇپ، ئۇ ھەم ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئىپادىسى، ھەم تەربىيە كۆرگەنلىكنىڭ ئىپادىسى. چاقچاق ھەم نازاكەتلىك، ھەم چوڭقۇر مەنىلىك بولغاندىلا، ئاندىن كىشىگە گۈزەللىك تۇيغۇسى ئاتا قىلالايدۇ. (02)

(ئاپتور: ج ك پ پىچان ناھىيىلىك كومىتېتىدىن)



# بۆشۈك، يەسلى ۋە باللار

——— ئاينۇر ھەسەن ———

ھاياتنىڭ مەڭگۈلۈك كۈيلىرىنى ياڭراتقۇچى ئىنسان باللىرى ئانىلىرىدىن تۇغۇلسا، مېنىڭ بۇ ئېزگۈ ھېسلىرىم باللىرىمىز چوڭ بولىدىغان بۆشۈكتىن ئاپىرىدە بولدى.

بىزنىڭ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان پەرزەنتلىرىمىز يانىي ئالەمدىكى ھاياتىنى بۆشۈككە قاملىشتىن باشلايدۇ. ئاپامدىن سورىسام، مەنمۇ، ئاچا ـ سىڭىللىرىممۇ بۆشۈكتە چوڭ بولغانىكەنمىز، مانا ئەمدى مەنمۇ يېڭى تۇغۇلغان ئوغلۇمنى ئۆز قولۇم بىلەن بۆشۈككە تاڭماقتىمەن، بەلكىم بالامۇ ئۆز پەرزەنتىنى بۆشۈككە باغلاپ چوڭ قىلىشى مۇمكىن.

ئوغلۇم يېڭى تۇغۇلغاندا ئۆيدىكى چوڭلار قەيەردىندۇر نەپىس نەقىشلەر چېكىلگەن چىرايلىق بىر بۆشۈكنى ئېلىپ كېلىپ كۆرپە ـ جابدۇقلىرى بىلەن تەييار قىلىشتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، بوۋاق بۆشۈكتە ياتسا كېچىلىرى ئانىلىرىغا جاپا ئازراق بولىدىكەن، بوۋاقمۇ ئارامخۇدا دەم ئالالايدىكەن....

مەلۇم مەتبۇئاتتا بېسىلغان مۇنۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ زادىلا ئولتۇرالماي قالدىم: «ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، خېبېي ئۆلكىسى شىجياجۇاڭ شەھىرىدە ئېلىپ بېرىلغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نۇتۇق قابىلىيىتىنى سىناش رايىدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ھەر 100 ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدە ناتونۇش كىشىلەر توپلاشقان ئاممىۋى سورۇندىكى مۇنبەرگە چىقىپ ئۆز پىكرىنى راۋان بايان قىلىپ ئۈچ مىنۇت توختىماي نۇتۇق سۆزلىيەلەيدىغان ئوقۇغۇچى 15 ـ 20 گىچە بولغان.» نېمە ئۈچۈن بۇ خىل نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ؟ قالغان 80 ـ 85 كىچە ئوقۇغۇچى نېمە ئۈچۈن سۆزلىيەلمەيدۇ؟ (ئەسكەرتىش، بۇلارنىڭ ئىچىدە تىلسىزلار يوق.)

ئۇنداق بولسا، تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 3 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا يۇقىرىقىدەك راي سىناش ئېلىپ بېرىلسا، لاياقەتلىك بولىدىغانلىرىدىن نەچچىسى چىقار؟ شۇنىڭدىن بۇيان مۇشۇ خىلدىكى سوئاللار بارغانسېرى مېنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالغىلى تۇردى. ئوغلۇمنى قانداق مائارىپ مۇھىتىدا تەربىيىلەۋاتقانلىقىم تەبىئىي يوسۇندا مېنى ئاشۇ ھېسلار ئىچىگە سۆرەپ كىردى.

بۆشۈك ــ ئۇيغۇرلاردا ئۇزاق تارىخقا ئىگە مەدەنىيەت نەمۇنىلىرىنىڭ بىرى. ئەمما مۇشۇ كۈنلەردە ئاشۇ بۆشۈكنىڭ رولى توغرىسىدىكى سۆزلەردىن بارغانسېرى گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالدىم. كۆپلىگەن كىشىلەردىن سورىسام، ئۇلار ھەممىسى دېگۈدەك «بۆشۈككە بۆلىگەن باللارنىڭ بەدىنى بېجىرىم، رۇس بولىدۇ، ياققان ئادەممۇ ئانچە قىينىلىپ كەتمەيدۇ» دېگەننى تەكرارلاشتى. ئەمما ئۆمرىدە بۆشۈك دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان باشقا ئەل ياشلىرىنىڭ كىنو ـ تېلېۋىزورلاردىكى قامەتلىرىگە قاراپ تامقىنى چاكىلداتقانلارنى كۆپ كۆردۈم. تەن قۇرۇلمىسىنىڭ قانداق بولۇشى ھەققىدىكى بۇ تەسەللىلەرنى بىر يانغا قويۇپ تۇرايلى، ئاشۇ بۆشۈككە سىڭىپ كەتكەن كۆرۈنمەس خەتەرلەرنىڭ ئەڭ چوڭى

شۇكى، پەرزەنتلىرىمىز يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىپلا بۆشۈككە تېڭىلىپ، مەۋھۇم يوسۇندا «كىشەنلىنىدۇ» ۋە بىلىپ ـ بىلمەيلا «باغلاق تەربىيىسى» ئىشلىنىدۇ. بۇ بىزدىكى ئاشۇ خىل تەربىيىنىڭ تۇنجى قەدىمى، شۇنداقلا پەرزەنتلەرگە ئاتا ـ ئانىلار ئاتا قىلىدىغان تراگېدىيىلەرنىڭ مۇقەددىمىسى.

ئاتا ـ ئانىنىڭ، بولۇپمۇ ئانىنىڭ ئۆز بوۋىقىنى تۇغۇلغاندىن تارتىپ يېشىغا يەتكۈزگىچە بولغان ئارىلىقتا تارتىدىغان جاپاسى بىرەر ـ ئىككى ئېغىز سۆز بىلەنلا بايان قىلىپ كەتكىلى بولىدىغان رەنج ـ مۇشەققەت ئەمەس. ئانىلارنىڭ ئۇلۇغ بولۇشىدىكى بىر سەۋەب، ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق جىسمانىي قۇربانلارنى بەرگەنلىكىدە. جاپا تارتمىسا، ئۇنى قانداقمۇ «ئانا» دېگىلى بولسۇن؟ ئەمما، ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئاشۇ ئارزۇلۇق بوۋاقنى «كېچىلىرى ئۇخلىماي پەپىلەپ، ئاق سۈت بېرىپ باققان» لىقى ئۈستىگىلا مەركەزلەشتۈرۈپ قويۇلسا ئادىل بولمايدۇ. چۈنكى، ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئالدى بىلەن پەرزەنتىنى ئۇخلىماي باققىنىدا ئەمەس، ئەكسىچە ئاشۇ سەبىي جان ئىگىسىنى ھەقىقىي ئىنسان قىلىپ چىققانلىقىدا. ئۇنى دېسەك، ھايۋانمۇ ئۆز بالىسىنى باقىدۇ، تېخى بەزى ئادەملىرىمىزدىن ياخشىراق باقىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ باققىنى بەرىبىر ھايۋان بولىدۇ.

بالىلىرىمىز ماڭغۇدەك بولغاندا، ئۇلارنىڭ باغلاقلىق ھالەتتىكى ھاياتى نىسپىي ھالدا ئاخىرلىشىپ، يەنە مەۋھۇم چېگرا تاملىرى ئۇلارنى قورشاشقا باشلايدۇ: «ئاۋۇنى تۇتما»، «بۇياققا ئۆت»، «ئۇنداق قىلما»، «ئاستا ماڭ» دېگەندەك بۇيرۇق ئىبارىلىرى ئۇلارنى دەماللىققا نېمە قىلىشنى بىلەلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ. كۆپىنچىمىزنىڭ يادىغا بۇنداق بۇيرۇقۋازلىق قىلىشنىڭ ئورنىغا: «ئاۋۇنى تۇتساڭ قولۇڭ كۆيىدۇ»، «بۇنداق ماڭساڭ يىقىلىسەن»، «بۇنداق قىلساڭ تەخسە چېقىلىدۇ، ئۇ چاغدا تاماق يېيەلمەيمىز» دېگەندەك چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك تەربىيە ئارقىلىق چەكلەش كەلمەيدۇ. ھالبۇكى، نوقۇل مەنىدىكى بۇيرۇق كىچىك بالا تۇرماق، چوڭ ئادەمنىمۇ بىزار قىلىدۇ.

بالىلىرىمىز ئۈچ ياشقا كىرەر ـ كىرمەيلا «يەسلى» دەپ ئاتىلىدىغان يېڭى ماكانغا ئاپىرىلىدۇ ۋە يېڭى «رىدىجىم» تۇرمۇشنى باشلايدۇ. تەڭ ناشتا قىلىش، تەڭ ھاجەت قىلىش، تەڭ ئۇخلاش، چۈشكىچە ۋە چۈشلۈك ئۇيقۇدىن كېيىن كەچ كىرگۈچە قاتتىق قول مۇئەللىمنىڭ نازارەتچىلىكىدە ھېساب، رەسىم، مۇزىكا، چەت ئەل تىلى دېگەندەك دەرسلەرنى ئۆگىنىش باشلىنىدۇ. بالىلارنىڭ بالىلىقتا قېنىپ ئويناش پۇرسىتى تامامەن تارتىۋېلىنىدۇ. ھالبۇكى، يەسلى بالىلىرىغا بۇ خىل بىلىملەرنى مەجبۇرلاش ۋاسىتىسى بىلەن ئەمەس، ئويۇن شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئۆگىتىش تېخى بەزى يەسلىلىرىمىزدە يولغا قويۇلغىنى يوق. مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى يەسلى تۈزۈمىگە كۆندۈرۈش ۋە باشقۇرۇلۇشقا ئادەتلەندۈرۈش ھازىرقى يەسلىلەرنىڭ ئاساسلىق نىشانى.

يەسلىدە ئاشۇنداق روھىي مۇشكۇلات ئىچىدە ئۈچ ـ تۆت يىلنى ئۆتكۈزگەن بالىلىرىمىز ئالتە ـ يەتتە ياشقا كىرگەندە مەن سىنىپ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەۋاتقاندەك سىنىپقا، يەنى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 1 ـ يىللىقىغا يېڭى ئوقۇغۇچى بولۇپ كىرىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ، بالىلىرىمىز داۋاملىق ھالدا «بىرگە بىرنى قوشسا ئىككى بولىدۇ» دېگەن شەكىلدە بىلىم ئىگىلەشكە كىرىشىدۇ، ئەمما ھەرگىزمۇ «نېمە ئۈچۈن بىرگە بىرنى قوشسا ئۈچ ئەمەس، ئىككى بولىدۇ؟» دېگەنگە يېتەكلەنمەيدۇ. مۇقىم ھالدا بىرلا جاۋابى بولغان شەكىل ـ تېرمىنلار مېخانىك ھالدا بالىلارنىڭ كاللىسىغا قويۇلىدۇ. «ئوغلۇمنىڭ ئامېرىكىدا ئوقۇشى» دېگەن ماقالىدە ئېيتىلغاندەك، «سىزنىڭچە ياپونىيىگە ئاتوم بومبىسى تاشلاش 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسىمۇ؟» دېگەن شەكىلدىكى بالىلارنىڭ ئەركىن تەپەككۇرىنى ئويغىتىدىغان سوئاللار بالىلىرىمىزنىڭ دەرسلىكىدىن تېپىلمايدۇ. شۈبھىسىزكى، مائارىپنىڭ يۈرگۈزۈلۈش سورۇنلىرىنىڭ بىرى بولغان مەكتەپنىڭ مەجبۇرىيىتى ئوقۇغۇچىلارغا كىتابتىكى نەرسىلەرنى ئەينەن تەكرارلاپ بېرىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا بىلىم ئېلىشتىكى ئۇسۇللارنى، تەپەككۇر شەكىللىرىنى ئۆگىتىش، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەركىن تەسەۋۋۇر كۈچىنى ئۇرغۇتۇش بولۇشى كېرەك.

دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «بالا باققۇچى ئۈچ ئايال» دا مۇنداق بىر ۋەقەلىك بار: بېيجىڭدىكى ئايلىق ئىجارىسى 10 مىڭ دوللارلىق داچىدا ئولتۇرۇشلۇق ئامېرىكىلىق ئايالنىڭ بەش ياشلىق كەپسىز ئوغلى جون ئۆي خىزمەتچىسى يوق ۋاقىتتا مېھمانخانا ئۆيىنىڭ ئاق تېمىغا بوياق بىلەن چىقلا رەسىملەرنى سىزىۋېتىدۇ. ئۆي خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ھېلىقى جۇڭگولۇق ئايال بۇنى كۆرۈپ ھوشىدىن كېتىشكە تاسلا قالىدۇ. ئۇ بالىنى جىملەشكە ئاغزىنى ئۆمەللەۋاتقاندا بالىنىڭ ئاپىسى قايتىپ كېلىپ، بولغان ئەھۋالنى كۆرىدۇ ۋە تامدىكى رەسىمگە ئۇزاققىچە قاراپ قالىدۇ. شۇ چاغدا جون: «ئاپا، ماۋۇ قوياش، ماۋۇ چىملىق، ئاۋۇ بولسا يېزا، سىزغىنىم ئوخشاپتىمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئاپىسى: «ناھايىتى ياخشى سىزىپسەن، ئەمما بىر ئىشنى كەم قىلىپسەن. ناۋادا مۇشۇ رەسىملەرنى تامغا ئەمەس، رەسىم سىزىش تاختىسىغا سىزغان بولساڭ بۇنىڭدىنمۇ ياخشى چىقاتتى» دەيدۇ. شۇ چاغدا ئۆي خىزمەتچىسى ئۆزىنى ئەيىبلەپ: «كەچۈرۈڭ خانىم، كۆرمەي قاپتىمەن، سەۋەنلىك مەندىن ئۆتتى» دېگەندە، ھېلىقى ئەجنەبىي ئايال: «ھېچ ۋەقەسى يوق، تام دېگەننى قايتا سىرلىۋالغىلى بولىدۇ، ئەمما بالىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى سۇندۇرۇپ تاشلانسا، ئۇنى مەڭگۈ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ» دەيدۇ. ئەتىسى جون مۇزلاتقۇدىن سۈت ئالماقچى بولۇپ، كۆتۈلمىگەندە بىر دانە خام توخۇمنى پولغا چۈشۈرۈۋېتىدۇ، ئۆي خىزمەتچىسى پولنى سۈرتۈۋەتمەكچى بولۇپ يۈگۈرۈپ كەلگەندە، ھېلىقى ئەجنەبىي ئايال ئۇنى توختىتىپ قويۇپ، پولنى جونغا سۈرتكۈزىدۇ. مېنىڭچە، بۇ خىل ئۇسۇلدىكى تەربىيىنى بالىغا ھەقىقىي كۆيۈنگەنلىك دېيىش كېرەك.

ھاسىل كالام، بىزنىڭ تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئەقلىمىزگە كەلگۈچە ئالىدىغان تەربىيىمىز ئاشۇنداق بولغاچقا، بالىلىرىمىزغا ئەقىل تولىمۇ كېچىكىپ كىرىۋاتىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا، بالىلىرىمىز يېشى 30 لارغا بارغاندا ئاندىن ئەقىلنىڭ ئېھمىلىكىنى بىلىدىغان بولۇۋاتىدۇ. بۇنداق چاغدا كىرگەن ئەقىلنىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلىدىغىنىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا ئاز بولىدۇ. ئىنسانغا ئەقىل بالدۇر كەلسە بالدۇرراق نەتىجىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ «ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا» دېگىنىنىڭ مەنىسىمۇ شۇ بولسا كېرەك.

بالىلارنىڭ تۇنجى دەرسخانىسى مەكتەپ ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى چوڭ بولىدىغان، ئەقىل ئۆگىنىشنى باشلايدىغان ئائىلىسى. بۇنىڭ ئۈچۈن، بالىلارنىڭ تۇنجى ئۇستازى بولغۇچى ئاتا ـ ئانىلار مائارىپ ۋە تەربىيە دېگەننىڭ ئېھمىلىكى، ئۇنىڭ قانداق شەكىلدە بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدا ئازدۇر ـ كۆپتۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. مەشھۇر پېداگوگ سۇخوملىنسكىي توغرا ئېيتقان: «پېداگوگىكا توغرىسىدا تەربىيە ئالمىغان ياش يىگىت ـ قىزلارنىڭ ئاتا ـ ئانا بولۇش سالاھىيىتى يوق.» ئەركىن چوڭ بولۇش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولغان بالا كۆپىنچە ئەركىن تەپەككۇر ئىقتىدارىدىنمۇ مەھرۇم قالىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ تۇنجى باشلىقى ئەمەس، تۇنجى دوستى ۋە ئەقىل ئۇستازى بولسۇن. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گېپىنى شەرتسىز ئاڭلايدىغان بالا مېنىڭچە ياخشى بالا ئەمەس، بۇنداق بالا بەجايىكى، بېشىنى قاياققا بۇراپ قويسا شۇ ياققا ماڭىدىغان سۇلياۋ قونچاقتىن پەرقلەنمەيدۇ. بالىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، مۇستەقىل ئەقىل يۈرگۈزۈپ، ئۆزى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى چامىسىنىڭ يېتىشىچە ھەل قىلالايدىغانلىرىدۇر. ساپا مائارىپىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى ئەنە شۇنداق يارامىلىق ساپا ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىشتۇر. (06)

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرى 26 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)



# تۇغماسلىق كېسىلىنى داۋالاش

كورلا شەھىرىدىن گۈلى خانىم ئۆزىنىڭ تۇغماسلىق كېسەللىكە گىرىپتار بولغانلىقىنى، كۆپ قېتىم غەربچە داۋالىتىپ بولسىمۇ، ھازىرغا قەدەر ھامىلىدار بولمىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ جۇڭگوچە داۋالاش دوختۇرخانىلىرىغا بېرىپ داۋالىتىۋىسى بارلىقىنى، قايسى دوختۇرخانىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، ئۆزىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتىش ئىمكانىيىتى بار - يوقلۇقى توغرىسىدا تەھرىر بۆلۈمىمىزگە خەت يېزىپ بىزدىن مەسلىھەت سورىدى.

ئەمەلىيەتتە تۇغماسلىق كېسىلىنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كۆپىنچە ئىلمدە جىنسىي يول ياللۇغى، بالىياتقۇ ئىچكى پەردە ياللۇغى، ئۇرۇق تۇشۇش نەيچىسى ياللۇغى، ئۇرۇقدان ئىششىقى، ئۇرۇق يەتكۈزۈپ بەرمەسلىك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تۇغماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارايدۇ.

جىنسىي يول ياللۇغلانغاندا، يۇقۇملانغان ھۈجەيرىلەر ئىسپېرمىنى يۇتۇۋېلىپ، ئىسپېرمىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، ئۆمرىنى قىسقارتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىسپېرمىدىكى ئۇرۇقنىڭ سانى ئازلاپ، سۈپىتى تۆۋەنلەيدۇ. يۇقۇملىنىش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئەرلەردىكى سىيدۈك يولى ياللۇغى، مەزى بېزى ياللۇغى، يان ئۇرۇقدان ياللۇغى قاتارلىقلار ئۇرۇقنىڭ سۈپىتىگە بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزۈپ، پەرزەنت كۆرۈش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، ھەتتا پەرزەنت كۆرەلمەيدۇ.

بالىياتقۇ بويىنى ياللۇغىغا گىرىپتار بولغاندا، ئىسپېرمىنىڭ بالىياتقۇغا ئۆتۈشىگە تەسىر كۆرسىتىپ، پەرزەنت كۆرەلمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بالىياتقۇ ئىچكى پەردىسى ياللۇغى بالىياتقۇ ئىچكى قىسمىنىڭ نورمال مۇھىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەچكە، ئۇرۇق بىلەن تۇخۇم بىرىكەلمەي پەرزەنت كۆرەلمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تۇخۇم تۇشۇش نەيچىسى ياللۇغلانغاندا، شىلىمشىق پەردە ياللۇغلىنىپ، قان تولۇپ، قىلدام تومۇرلارنىڭ ھەرىكىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئىسپېرما ۋە تۇخۇمنىڭ تۇشۇلۇشىغا تەسىر كۆرسىتىپ، پەرزەنت كۆرەلمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇرۇق تۇشۇش نەيچىسى بوشلۇقى ياللۇغلانغاندا، توسۇلۇش ياكى سۇ يىغىلىشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ، ئىسپېرما بىلەن تۇخۇم بىرلىشەلمەي، بىۋاسىتە تۇغماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تۇخۇم تۇشۇش نەيچىسى دىۋارلىرى چاپلىشىپ قېلىپ، تۇخۇم تۇشۇش نەيچىسىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ياكى تۇخۇم تۇشۇش نەيچىسىنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئۇرۇق قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرزەنت كۆرۈش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تۇخۇم تۇشۇش نەيچىسى ياللۇغى تۇخۇمدان ئىقتىدارىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، ھەيزنىڭ نورمالسىزلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، تۇخۇم تۇشۇش ۋە ھامىلىدار بولۇشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئاياللار كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا، ئىسسىقنى ياندۇرۇپ، زەھەرنى قايتۇرۇش ئاساس قىلىنىدۇ. تۇخۇم تۇشۇش نەيچىسىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىنى داۋالاشتا، جۇڭيى دورىلىرىنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولۇپ، ئۇزۇل - كېسىل داۋالاش ئىقتىدارىغا ئىگە.

ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق دوختۇرخانىسى خەلق يولى شۆبە دوختۇرخانىسى داۋالاش ئىستراخوۋانىيىسى بەلگىلىگەن دوختۇرخانا بولۇپ، پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلمىغان داۋالاش ئاپپاراتىدۇر. بۇ دوختۇرخانىنىڭ پەرزەنت كۆرەلمەسلىك كېسىلىنى داۋالاش مەخسۇس ئامبۇلاتورىيىسى ئىجاد قىلغان «چىقىرىش، ئۆتكۈزۈش، كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئۈچ بىرلەشكەن» داۋالاش ئۇسۇلى «جۇڭگو پىلانلىق تۇغۇت ئىلمى» ژۇرنىلىدا تونۇشتۇرۇلدى. كلىنىكىدا قوللىنىلغاندىن بېرى، ساقىيىش نىسبىتى 99.08% كە يەتتى، ئادەتتە بىر ھەپتە كېسەللىك ئەھۋالىدا ئۈنۈمى كۆرۈلۈپ، بىر - ئىككى داۋالاشتا ساقىيىپ كېتىدۇ، بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلى ئۇزاقتىن بېرى داۋالىنىپ ساقىيالمىغان بىمارلارنىڭ چۈشىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. جۇڭگوچە داۋالاش، كېسەلنى تېپىپ ئاندىن داۋالاش ئۇسۇلىغا ئاساسەن، تۇخۇم تۇشۇش نەيچىسى ياللۇغى، بالىياتقۇ ئىچكى پەردىسىنىڭ ئورنى غەيرىي بولۇش، توسۇلۇپ قېلىش، بالىياتقۇ سوغۇپ كېتىپ ھامىلىدار بولماسلىق، ئۇرۇق يەتكۈزۈپ بېرەلمەسلىك سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان تۇغماسلىق كېسىلىنى داۋالايدۇ، ئىسسىقنى قايتۇرۇپ، زەھەرنى كېسىش، كەيپىياتنى تەڭشەپ، قاننى جانلاندۇرۇش، بالىياتقۇنى ئىللىتىپ، تومۇرلارنى ئېچىش، بالىياتقۇنىڭ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىقلارنى جۇڭيى دورىلىرى بىلەن سىستېمىلىق داۋالاپ، ئىششىقنى قايتۇرۇپ، نەملىكنى ئاشۇرۇپ، چاپلىشىپ قالغان نەيچىلەرنى بوشىتىپ، بالىياتقۇ ۋە ئۇرۇق تۇشۇش نەيچىسىدىكى قان ئايلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئىممۇنىتېت كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

ئەڭ ئاخىردا، خۇي دوختۇر پەرزەنت كۆرەلمەسلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئەر - خوتۇنلارغا ھەر ئىككى تەرەپ بىر ۋاقىتتا تەكشۈرتۈپ، كېسەللىك سەۋەبىنى تېپىپ چىقىشنى، ھەرگىزمۇ بىر تەرەپتىن كۆرمەسلىكنى، ئىلمىي داۋالاشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ساختا ئېلانلارغا ئىشىنىپ قالماسلىقنى، قېلىپلاشقان مەخسۇس دوختۇرخانىلارغا بېرىپ، سىستېمىلىق دىئاگنوز قويغۇزۇپ داۋالىتىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. پەرزەنت كۆرەلمەسلىك كېسىلىنى تامامەن داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدۇ.

خۇي دوختۇرنىڭ ئادرېسى تۆۋەندىكىچە: ئۈرۈمچى شەھىرى خەلق يولى 121 - نومۇر، دوستلۇق دوختۇرخانىسى خەلق يولى تارماق دوختۇرخانىسى 1 - قەۋەت، 14 - نومۇرلۇق تۇغماسلىقنى داۋالاش مەخسۇس بۆلۈمى.

مەسلىھەت سوراش تېلېفونى: 0991 - 2836987، 0991 - 08121473

يېقىندا، ئامېرىكىدا خىزمەت قىلىدىغان بىر تۇغقىنىم يۇرتىمىزغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ئامېرىكىدىكى خىزمىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ئۇ ھەر كۈنى ماشىنىسىنى ھەيدەپ، ئاپتوموبىللارنى باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ئۆتەيدىكەن، يول بويىدا توختىتىپ قويۇلغان ئاپتوموبىللارنىڭ توختىتىپ قويۇلۇش ۋاقتى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن ئېشىپ كەتسە، بىر پارچە سېرىق رەڭلىك جەرىمانە تالونىنى ماشىنىنىڭ ئالدى ئەينىكىگە چاپلاپ قويۇپ، ئاندىن خاتىرىسىگە خاتىرىلەپ قويىدىكەن. مۇشۇ ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە باشقا ئىشلارنى نەكشۈرۈشكە كېتىپ قالىدىكەن.

مەن ئۇنىڭدىن: «سىز ئاپتوموبىللارنىڭ توختىتىپ قويۇلغان ۋاقتىنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيسىز؟» دەپ سورىدىم.

تۇغقىنىم: «ئاپتوموبىللارنىڭ يېنىدا ئاپتوموبىللارنىڭ توختىتىپ قويۇلۇش ۋاقتىنى ھېسابلىغۇچ بار. سىز ئاشۇ ھېسابلىغۇچقا قارىسىڭىزلا، ئاپتوموبىل ئىگىسىنىڭ قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان - قىلمىغانلىقىنى بىلەلەيسىز» دېدى.

«سىز جەرىمانە تالونىنى ئاپتوموبىل ئەينىكىگە چاپلاپ قويۇپ كېتىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇ جەرىمانىسىنى تۆلىمەي كېتىپ قالسا قانداق قىلىسىز؟» دەپ سورىدىم مەن.

تۇغقىنىم مۇنداق دېدى: «بۇ خىل ئەھۋاللارنى بىز مۇنداق بىر تەرەپ قىلىمىز: مەن ئۇنىڭ ماشىنا نومۇرى ۋە جەرىمانە سوممىسىنى خاتىرىلىۋالىمەن. بىرىنچى قېتىم تاپشۇرمىسا، بۇ جەرىمانە تالونىنى ئېھتىمال شامال ئۇچۇرۇۋېتىپ كەتكەن بولسا، ئۇ بىلمەي قالغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قاراپ، ئۇنى كەچۈرۈۋېتىمىز. ئىككىنچى قېتىممۇ تاپشۇرمىسا، يەنىلا كۆرمەي قالغان ئوخشايدۇ دەپ سۈرۈشتۈرمەيمىز. ناۋادا 3 - قېتىم يەنىلا تاپشۇرمىسا، ئاندىن ئۇنى كەچۈرمەيمىز. نازارەت قىلىش ئورگىنىمىز بۇ ئۈچ قېتىم قائىدىگە خىلاپلىق قىلىپ، جەرىمانە تۆلىمىگەنلىك ئەھۋالنى ئىناۋەت مەركىزىگە يوللاپ بېرىدۇ. ئىناۋەت مەركىزى بۇ ئىشلارنى ئارخىپ قىلىپ ساقلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەمنىڭ نام - ئابرۇيى تۆكۈلىدۇ. چۈنكى، ئىناۋەت مەركىزىدىكى كومپيۇتېرغا خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتكە ئاشكارىلىنىدىغان بولۇپ، خىزمەت ۋە تۇرمۇش جەريانىدا مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئىناۋەت - ئابرۇيى توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چىقىش ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان. ئەگەر بىرەر ئادەمنىڭ مۇشۇ جەھەتتە مەسىلىسى بولسا، ئۇ سودا قىلغان ۋاقىتتا ياكى بىرەر ھەمكارلاشقۇچى شېرىك تاپماقچى بولغاندا، بىردەك رەت قىلىنىدۇ. ياخشىراق خىزمەت تاپماقچى بولغاندىمۇ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ئۇنى قەتئىي ئىشلەتمەيدۇ. قەرز پۇل ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىپ، ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرمەن دېسىمۇ، بانكا ۋە دۇكان قاتارلىق ئورۇنلار دەككىسىنى بېرىدۇ. قىسقىسى، ئۇنىڭ بۇ جەمئىيەتتە ياشىشىغا تەس بولىدۇ.»

ئىناۋەت جەھەتتىكى بۇ نۇقسانىنى خاتىرىلىۋېلىش خۇددى قولغا چىرايلىق بىر كىشەننى سېلىپ قويغاندەكلا ئىش بولىدىكەن. بۇ ئارقىلىق جەمئىيەت تەرتىپىنى زور دەرىجىدە قېلىپلاشتۇرغىلى بولىدىكەن. ئىناۋەت مەركىزى بولغاچقىلا، توختىتىپ قويۇلغان ئاپتوموبىللارنى نازارەت قىلىش خادىملىرىنىڭ خىزمىتى ئۇڭۇشلۇق ۋە ئۈنۈملۈك بولىدىكەن. ئىناۋەت مەركىزى بولغاچقىلا، ئاپتوموبىل ئىگىلىرى سېرىق رەڭلىك جەرىمانە تالونىنى كۆرۈپلا ياۋاشلىق بىلەن بەلگىلەنگەن ئورۇنغا بېرىپ جەرىمانە تۆلەيدىكەن.(09)

(«تەرمىلەر گېزىتىدىن» قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە ئاۋات يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتىن **توختاجى يۇنۇس**. ت)



# ئامېرىكىدىكى ...

**فېي شيا**

# ئەرنىڭ سۆزىگە ئەمەس، ئىشىغا قارا

——يەكەن «ئارزۇ سودا مەركىزى» ھەققىدە



ھەرقانداق ئاپەت ـ تالاپەت رەقىبىگە سەل قاراشتىن كېلىدۇ، كىمكى رەقىبىگە سەل قارىسا، بىخۇدلۇق، ئاگاھسىزلىق قىلسا، ئېرىشىشكە تېگىشلىك ھەممە خۇشاللىق، ھەممە ئەمەللىرىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ئىككى رەقىب بىر ـ بىرى بىلەن ئېلىشقاندا، خېيىمخەتەردىن قورقمىغىنى غالىب كېلىدۇ. ئىككى قوشۇن بىر ـ بىرى بىلەن ئېلىشقاندا، ھايات ـ ماماتىنى قايرىپ قويۇپ، جان تىكىپ ئېلىشقان تەرەپ غەلىبە قىلىدۇ. چۈنكى، جان تىكىپ ئېلىشقان تەرەپنە ئىدىيە جەھەتتە ھېچقانداق توسالغۇ، بوپا بولمايدۇ، ئۇلار ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ئىش قىلىدۇ، ئىرادىلىك، غەيرەتلىك، جۇشقۇن ۋە ئالغا ئىنتىلىدىغان بولىدۇ، شۇڭا بۇنداق قوشۇن ھەرقانداق جەڭدە غەلىبە قىلماي قالمايدۇ، بۇ بىر ئاددىي قائىدە. ئادەتتە بىر ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندىمۇ، ئۇنىڭدا ماددىي جەھەتتىكى نامراتلىق بىلەن مەنىۋى جەھەتتىكى قاششاقلىق، چۈشكۈنلۈك، زەئىپلىك ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئېڭى تۇرغۇزۇلمىسا، ئۇ ھالدا شۇ ئادەمنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمى چوقۇم ئاستىلاپ قالىدۇ. پەقەت ئۆزىنى قوزغۇش، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېڭىنى ھازىرلىغان ئادەم ئۆزىدىكى ئىللەت، ئاجىزلىقلارنى تونۇپ، نامراتلىق، قاششاقلىقنىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدىن بىر بۆسۈش ئېغىزىنى تېپىپ، دادىللىق بىلەن ئالغا قاراپ قەدەم تاشلايدۇ. يەكەن شەھىرىدىكى «ئارزۇ سودا مەركىزى»نىڭ مەرىپەتلىك خوجايىنى ئابدۇراخمان ھاجىم نامراتلىق، قاششاقلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە دادىل قەدەم تاشلىغان ئادەملەرنىڭ بىرى.

ئابدۇراخمان ھاجىم 1964 ـ يىلى يەكەن ناھىيىسىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ تىككۈچىلىك كەسپىدە ئوقۇپ، ئۈچ يىل تىككۈچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا قانۇنلۇق سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ خىلدىكى سودا بىلەن ئۈچ يىل شۇغۇللانغاندىن كېيىن 1984 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە پاكىستان، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق دۆلەتلەرگە جۇڭگونىڭ ماللىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇ دۆلەتلەردىن جۇڭگولۇق خېرىدارلارغا ئېھتىياجلىق ماللارنى ئەكېلىپ سودىدا ئالاھىدە روناق تاپقان. 1989 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە دۆلىتىمىز ئىچىدە بىرقەدەر ئۇنىۋېرسال سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1990 ـ يىلدىن 1993 ـ يىلغىچە بولغان ئۈچ يىللىق سودا ئىشىدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان. 1993 ـ يىلى قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوشنا دۆلەتلەرگە چىقىپ، ئۇلارنىڭ بازار ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، 1994 ـ يىلى قانۇنىي يول بىلەن «شىنجاڭ ـ ياركەنت پاي ھەسسىدارلىق شىركىتى»نى قۇرغان. شىركەت قۇرۇلغان 1994 ـ يىلدىن 1998 ـ يىلغىچە بولغان تۆت يىل جەريانىدا شىركەتنىڭ ئىشى يۈرۈشۈپ، دەسلەپ سالغان 4 مىليون مەبلەغ كۆپىيىپ، 20 مىليونغا يەتكەن. ئويلىمىغان يەردىن سودىدىكى ئوڭۇشسىزلىق تۈپەيلىدىن 1998 ـ يىلدىن

(داۋامى 50 ـ بەتتە)

# «ھېكمەتنامە»دىن ھېكمەتلەر

**بالتاسار گراسىئەن**

بالتاسار گراسىئەن 17 ـ ئەسىردە ئىسپانىيىدە ئۆتكەن مەشھۇر دانىشمەن بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ جاھاندارچىلىق سەنئىتىگە دائىر ئەسەرلىرى ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالغان. «ھېكمەتنامە» ــ بالتاسار گراسىئەننىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى بولۇپ، بۇ ئەسەر يېقىندا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. بىز كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى بۇ نادىر ئەسەر بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە ئايرىم پارچىلارنى ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىشنى لايىق تاپتۇق.

**ــ مۇھەررىردىن**

## قەيسەر ئادەم بول



ئەقىل ـ ئىدراكقا قەتئىي تەۋرەنمەي ھەمراھ بول. ھەرگىزمۇ ھېسسىيات بويىچە ئىش كۆرۈش ياكى زورلۇققا بويسۇنۇش سەۋەبىدىن توغرا يولغا كىرىپ قالما. ھېچنېمىگە باش ئەگمەيدىغان قەيسەر كىشىلەرنى بىز نەدىن تاپىمىز؟ ئەپلەپ ـ سەپلەپ جان بېقىشنى زىنھار راۋا كۆرمەيدىغان دۇرۇس كىشىلەر ئادەتتە كۆپ ئۇچرىمايدۇ. بۇنداق پەزىلەتنى ھەممەيلەن ماختىشىدۇ ـ يۇ، ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتەلەيدىغانلار ناھايىتى ئاز، بەزىلەر ئەمەلىيەتتە كۆرسىتەلىگەن تەقدىردىمۇ، بىرەر خەۋپ ـ خەتەرگە يولۇققان ھامان كىرپىدەك تۈگۈلۈۋالىدۇ. خەۋپ ـ خەتەرگە يولۇققاندا ساختىپەزلەر ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدۇ، سىياسىئونلار ھىيلىگەرلىك بىلەن ئۇنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىۋالىدۇ، ئادىللىق پەزىلىتى دوستلۇق، ھوقۇق، ھەتتا ئۆزىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشقىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ. شۇڭا، نۇرغۇن كىشىلەر بۇنداق پەزىلەتنى لازىم قىلمايدۇ. ئەقىللىق دەپ ئاتالغان بەزى كىشىلەر «ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك»، «بىخەتەرلىكنى ئويلاش زۆرۈر» دېگەندەك قۇرۇق گەپلەر بىلەن ئاۋامنى قايمۇقتۇرىدۇ. ئالدامچىلىقتىن خالىي سەممىي كىشىلەر بولسا ئالدامچىلىقنى ۋاپاسىزلىق ھەم تۇزكورلۇق دەپ چۈشىنىدۇ، ئۇچۇق ـ يورۇق، دۇرۇس ئادەملەردىن بولۇشقا رازىكى، نەيرەڭۋاز دانالاردىن بولۇشنى زىنھار خالىمايدۇ، شۇڭا ئۇنداق كىشىلەر ھەرقانداق چاغدا ھەقىقەت تەرەپدارى بولىدۇ. ناۋادا ئۇلار بىلەن باشقىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلۈپ قالسا، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىپ قالماسلىقىنى ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.



## گۈزەل ئەخلاق

ئادەم بارلىق مەۋجۇداتنىڭ جەۋھىرىدىن پۈتكەن روھتۇر. ئىنسانلاردىكى خىلمۇخىل مۇكەممەللىكلەر ئىنسانلارغا ئارىيەتكە بېرىلگەن سوۋغاتتۇر، تەڭرى بىزگە روھ ئاتا قىلدى؛ زېمىن بىزگە تەننى ئاتا قىلدى؛ ئوت بولسا ئىسسىقلىق ئاتا قىلدى؛ سۇ جىسمىمىزغا سۇيۇقلۇق بەردى؛ ھاۋا بىزگە نەپەس ئاتا قىلدى؛ يۇلتۇزلار كۆز ئاتا قىلدى؛ قۇياش بىزگە نۇرانە چىراي بېغىشلىدى؛ تەقدىر ـ قىسمەت بىزگە بايلىق ئاتا قىلدى؛ نام ـ ئاتاق بىزگە شان ـ شەرەپ بەخش ئەتتى؛ ۋاقىت يېشىمىزنى سۇرەتلەپ بەردى؛ دۇنيا بىزنى ئائىلىگە مۇيەسسەر قىلدى؛ دوستلار بىزگە مەدەتكار بولدى؛ ئاتا ـ ئانىمىز بىزگە مىجەز ـ خاراكتېر ئاتا قىلدى؛ پىر ـ ئۇستازلار بولسا بىزگە ئەقىل ـ پاراسەت بېغىشلىدى. ھاياتنىڭ تۈگىشىگە ئەگىشىپ، بۇلارنىڭمۇ ئاستا ـ ئاستا يوقىلىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان، شۇنىڭ بىلەن مۇنداق سوئال تۇغۇلىدۇ:

زادى قايسى نەرسە بىز ئۆزىمىزگە مەنسۇپ؟ يۇقىرىقى نەرسىلەر بىزگە ئارىيەتكە بېرىلگەن بولسا، ئۇنداقتا بىزگە قېپقالىدىغىنى زادى نېمە؟

گۈزەل ئەخلاق، ئۇنى ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ، ئۇ پەقەتلا ئۆزىمىزگە مەنسۇپ، ئۇ بولمىسا، ھەممە نەرسە قۇپقۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، يەنە كېلىپ، ئۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن كامالەت تاپالايدۇ. قالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئويۇن ـ كۈلكىدىن ئىبارەت، پەقەت گۈزەل ئەخلاقلا ھەقىقىيلىقتا ئىگىدۇر. ئۇ روھىيەتنىڭ روھى، ھاياتلىقنىڭ جېنى، مۇكەممەللىكنىڭ شاھانە تاجى، ھايات خىسلەتلىرىنىڭ ئەڭ نۇرانە پەللىسى، شۇنداقلا بەختنىڭ جان تومۇرى، شان ـ شەرەپنىڭ شاھانە تەختى، ھاياتنىڭ ھەقىقىي خۇشاللىقى، ئېزگۈ سەمەرىلەرنىڭ مەنبەسى، ۋىجداننىڭ تىنىقى، ئىدىيىنىڭ ئەڭ ئالىي سەلتەنىتى، ئىرادە ۋە روھنىڭ چىرىمەس يىلتىزىدۇر. ئۇنىڭغا ئېرىشمەك تولىمۇ تەس، ئۇنىڭ كۆركى ھەرقانداق يەردە بىلىنىدۇ ھەم قەدىرلىنىدۇ. ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭغا ئېرىشمەكنى ئىزدەيدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ھەقىقىي تۈردە ئېرىشەلەيدىغانلار ناھايىتى ئاز. رەزىللىك ئۇنى تون قىلىپ يېپىنىۋالىدۇ، ئۇنى دورايدۇ، ئەڭ ئىپلاس ئادەملەر چېغىدا باشقىلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىشنى ئويلايدۇ. باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئەخلاقلىق ھېسابلىنىدىغانلار كۆپ، ئەمما ئۆز ۋۇجۇدىدىن ھەقىقىي ئەخلاق نۇرى جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغانلار كۆپ ئەمەس. ھەممىلا ئادەم باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ساداقەتمەن مۇئامىلە قىلىشىنى، ئۆزىنىڭ يامان گېپىنى قىلماسلىقىنى، ئۆزىنى ھاقارەتلىمەسلىكىنى ھەم ئالدىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىدۇ، لېكىن باشقىلارغا ئۆزىگە ئىشەنگەندەك ئىشىنىدىغانلار يوق دېيەرلىك. گۈزەل ئەخلاق سۆيۈملۈك، ئالىيجاناب ھەم سىپايە بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ بىلەن ئۆچەكىشىدۇ. ھەقىقىي گۈزەل ئەخلاق ئۆزىنى كۆرسەتمەيدۇ. بىز ئۆزىمىزچە ئۇنى تاپتۇق دەپ ئويلايمىز، ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ كۆرگىنىمىز پەقەتلا ئۇنىڭ كۆلەڭگىسى، يەنى ساختىپەزلىكتىنلا ئىبارەت.



## كۆزۈڭنى ۋاقتىدا ئاچ

كۆرەلەيدىغان
ئادەملەرنىڭ ھەنى-
ۋاسىنىڭ كۆزلىرىنى ئېچىپ تۇرۇشى ناتايىن، كۆزلە-
رىنى ئېچىپ يۇرگەنلەرنىڭمۇ ھەنىۋاسىنىڭ كۆرەلە-
شى ناتايىن. بەك كېچىكىپ ئويغىنىش ئادەمگە پەقەت
پۇشايمانلا ئېلىپ كېلىدۇ. بەزى كىشىلەر ھېچ نەر-
سىنى كۆرۈش مۇمكىن بولمايدىغان چاغدا ئاندىن كۆ-
زىنى ئېچىپ قارايدۇ — ئۇلار ئۆزلىرىنى بايقاشتىن
بۇرۇنلا ئائىلىسى ۋە مال - بىساتىدىن ئاللىبۇرۇن
مەھرۇم بولغان بولىدۇ. ئىرادىسىز ئادەمدە چۈشىنىش
ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش قىيىن، چۈشىنىش ئىقتىدا-
رى يوق ئادەمدە ئىرادىنى يېتىلدۈرۈش تېخىمۇ قىيىن.
كىشىلەر ئۇلاردىن گويا يولدا ئەمادىن يانداپ ئۆتۈپ
كەتكەندەك يانداپ ئۆتۈپ كېتىدۇ ھەمدە ئۇلارنى مازاق
قىلىشىدۇ، چۈنكى ئۇلار سەمىمىي نەسىھەتكە قۇلاق
سالمايدۇ. كۆزلىرىنى ئېچىپ، ئەتراپتىكى ئۆزگىرىش-
لەرگە قاراپمۇ قويمايدۇ. بەزىلەر ئاشۇنداق كۆزى ئو-
چۇق قارىغۇلارغا چوقۇنۇپ كېتىدۇ — باشقىلار قارىغۇ
بولمىغاچقا، ئۇ ئەتەي قارىغۇ بولۇۋالىدۇ. ئەمما خوجا-
يىنغا مەنسۇپ ئات بەختسىز ئات بولىدۇكى، ئۇ مەڭگۈ
تۇكلىرى يالتىراپ تۇرىدىغان چىرايلىق ئات بولالمايدۇ.

## پىششىپ يېتىلىش



بىراۋنىڭ پىششىپ يې-
تىلگەنلىكى ئۇنىڭ تاش-
قى قىياپىتىدىنلا ئەمەس،
بەلكى ئادەت خاراكتېرى-
دىنمۇ مەلۇم بولىدۇ. ماد-
دىنىڭ ئېغىرلىقى ئۇنىڭ-
دىكى قىممەتلىك مېتال-
لارنىڭ سىمۇولىدۇر؛ ئەخ-
لاقىنىڭ سالمىقى دانالارنىڭ سىمۇولىدۇر. پىششىپ يې-
تىلىش بىر ئادەمنىڭ ئىقتىدارىنى تېخىمۇ مۇكەممەل-
لىككە ۋە ھۆرمەتكە مۇيەسسەر قىلىدۇ. پىششىپ يې-
تىلگەن (تاكامۇللاشقان) روھ تاشقى جەھەتتە ئۆز بە-
ھالىلىقىنى نامايان قىلالايدۇ، بۇ خىل بىھالالىق
ھەرگىزمۇ نادانلاردا ئىپادىلىنىدىغان بەخىرامانلىق
بولماستىن، بەلكى بىر خىل تەمكىنلىك دەرىجىسىگە
كۆتۈرۈلگەن سالاپەتتۇر، بۇنداق كىشىلەرنىڭ گەپ -
سۆزلىرى ئورۇنلۇق، ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. پە-
شىپ يېتىلىش ئادەمنى تەدرىجىي ھالدا مۇكەممەل-
لەشتۈرىدۇ، چۈنكى، ھەرقانداق ئادەم «پىششىپ يېتىل-
گەن»لىكى ئۈچۈنلا مۇكەممەل ئادەم بولالايدۇ، ئادەم
بالىلارچە ساددىلىقنى تاشلىغان چېغىدىلا، ئۇنىڭدا
سالاپەت ۋە كەسكىنلىك پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ.

## گەپ - سۆزدە ئاقىلانە بول



تەبىئىي تەسەۋۋۇر
قانچىكى ئەتراپلىق بول-
سا، ئادەمنىڭ گەپ -
سۆزىمۇ شۇنچە پاساھەت-
لىك ھەم يېقىملىق ئاڭ-
لىنىدۇ. بىز سۆزلەشتىن
ئاۋۋال دېمەكچى بولغان گېپىمىزدە غەيرىيلىك
بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ بېقىشىمىز، ناۋادا باشقى-
لارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويىدىغان تەركىبلەر
بولسا، ئۇنىڭغا ئانچە - مۇنچە تاتلىق تەم قوشۇپ
قويۇشىمىز كېرەك. ئەڭ ياخشىسى، «ياق» دېگەن
سۆزنىڭ تەمىنى ئاۋۋال ئۆزىمىز تېتىپ بېقىپ، ئۇنى
باشقىلارنىڭ سىڭدۈرەلەيدىغان ياكى سىڭدۈرەلمەيدى-
غانلىقىنى بىلىپ بېقىشىمىز، ئاندىن ئۇنىڭغا ئاز-
چە - مۇنچە شېكەر يالىتىۋېتىشىمىز كېرەك. تىلى-

مىزنىڭ مۇشۇ رولىدىن ئۇبدان پايدىلانساقلا، قانداق
چاغدا سۈكۈت قىلىشنى بىلىۋالالايمىز.

## يوق يەردىن پۇتاق تاپما



غەمكىن مە-
جەزلىك بەزى كى-
شىلەر ھەممىلا
ئىشنى خاتا دەپ
قارايدۇ، ئۇ ھەر-
گىزمۇ ئۇلارنىڭ
باشقىچە غەرەزدە
بولغانلىقىدىن ئە-
مەس، بەلكى ئۇلارنىڭ خاراكتېرى شۇنداق. ئۇلار ئۆز-
لىرى ئاماللىغان ياكى پات ئارىدا قىلماقچى بولغان
بىرەر ئىش ئۇچۇن ھەممىنى قارغايدۇ. بۇ ئۇلاردا
شەپقەتسىزلىك ۋە رەزىللىكتىنمۇ ئۆتەر يىرگىنچلىك
مىجەزنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار باش-
قىلارنىڭ تۇگمىدەك خاتالىقىنى تۆگىدەك كۆپتۈرۈپ
سۆزلەپ، ئاسماندىن بىراقلا يەرگە ئۇرۇۋېتىدۇ. ئۇلار
ھەمىشە كەسكىن خوجايىن سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چى-
قىدۇ، جەننەتنى بىردەمدىلا دوزاخقا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ:
غەزىپى كېلىپ قالسا، ھەممە ئىشنى بىر تىيىنغا ئەر-
زىمەس قىلىۋېتىدۇ، ئۇنداقلارنىڭ ئەكسىچە، ئالىيجاناب
مىجەزلىك كىشىلەر باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى قانداق
بايقاش ۋە ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئوبدان
بىلىدۇ، ئۆزى بىلەن بىر پىكىردە ئەمەس كىشىلەر
بىلەنمۇ ئوخشاشلا ئەپ ئۆتەلەيدۇ.

## ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ سىرى

گۈزەل تۇرمۇش ئىچىدە ياشىغىن. مۇنداق ئىككى
تۈرلۈك ئىش ھاياتنى تېزلا ئاخىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بىرى،
دۆتلۈك؛ يەنە بىرى، ئەخلاقسىزلىق. بەزىلەر ئۆزىنىڭ
ئەقلىي قابىلىيىتىنى
ساقلاپ قالالمىغانلىقى
تۈپەيلىدىن ھاياتىنى نا-
بۇت قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر
ئۆز ئىرادىسىگە سادىق
بولالمىغانلىقتىن خانىۋەي-
ران بولىدۇ. گۈزەل ئەخ-
لاق ئۆز - ئۆزىنى نۇرلان-
دۇرغاندەك، ئەخلاقسىزلىق-
مۇ ئۆز - ئۆزىنى تېگىش-
لىك جازاغا دۇچار قىلىدۇ.



شاللاق تۇرمۇش كەچۈرگەن ئادەمنىڭ ئۆمرى ھەمە-
دىن قىسقا بولىدۇ. گۈزەل ئەخلاقنى مىزان قىلغان
تۇرمۇش ئەزەلدىن يوقالمايدۇ. روھنىڭ قەيسەرلىكنى
تەندىكى قەيسەرلىككە ئايلاندۇرۇش تامامەن مۇمكىن،
تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭدا ئۇلۇغۋار نىشاننىڭلا
بولۇشىنى ئەمەس، بەلكى يەنە ئازادىلىكنىڭ بولۇشى-
نىمۇ شەرت قىلىدۇ.

## بىلىم ئىزدەشنىڭ تۆت يولى



كۆپرەك بىلىم ئې-
گىلەشنىڭ مۇنداق
تۆت يولى بار: ئۇزۇن
ئۆمۈر كۆرۈش؛ ئۇزاق
مۇساپىلەرنى بېسىش؛
ياخشى كىتابلارنى
كۆپرەك ئوقۇش (بۇ
ئەڭ ئاسان)؛ دانالار
بىلەن ھەمسۆھبەت
بولۇش (بۇ ئەڭ قىزى-
قارلىق). (05)

# ھەرىكەت قىلغان بەرىكەت تاپىدۇ

—بازار تاپقان «يەكەن كۆك كەپتىرى» توغرىسىدا



ھەركىمنىڭ كۆرۈۋاتقان ياخشى ـ يامان كۈنى ئۆز ئەجرىنىڭ قانداقلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۈگۈنكى رىقابەت ئېكى بىلەن تولغان دەۋر ئېقىمىدا پۈت تىرەپ تۇرۇۋاتقانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆز كۈچى، ئۆز تىرىشچانلىقىدىن باشقا، پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭ ھالال ئەمگىكى، جاپالىق ئىزدىنىشى ھېسابىغا ھاياتىنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلانغان كىشىلەردۇر. بىز ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا، ھاياتلىق يولىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ھاياتقا، كىشىلىك تۇرمۇشقا توغرا ۋە قانۇنىيەتلىك ھالدا مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئۇلار ئۆز بەختى، ئۆز تەقدىرى ۋە ئۆز قىممىتىنىڭ ئۆزىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى، بىر ئادەم ھاياتىنىڭ قىممىتى شۇ ئادەمنىڭ ھاياتلىق يولىدا قانچىلىك قىممەت ياراتقانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

بىز يۇقىرىقىلارنى دېيىش ئارقىلىق يەكەن ناھىيە گۈلباغ يېزا خانىقا دەرۋازىسى كەنتىنىڭ پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارى ئابابەكرى ئۆمەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزىنىڭ ھالال ئەجرى ئارقىلىق قانداق ياراتقانلىقىدىن ئىبارەت ئىش ـ ئىزلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە ھەدىيە قىلماقچىمىز.

ئابابەكرى ئۆمەر 1969 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى يەكەن ناھىيە گۈلباغ يېزا خانىقا دەرۋازىسى كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1985 ـ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئۆز كەنتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي خىزمەتلىرىگە قاتناشقان، 1989 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان، 1994 ـ يىلى 11 ـ ئايدا كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى بولغان، 1995 ـ يىلدىن 1997 ـ يىلغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىنىڭ يېزا ئىگىلىك فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ئالىي تېخنىكوم دىپلومى ئالغان، 1999 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە «ئون ئۇچقۇن ياش باشلامچى»نىڭ بىرى دېگەن شان ـ شەرەپكە نائىل بولغان، 2000 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەرىپىدىن ئىلغار پارتىيە خىزمەتچىسى دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن، شۇنداقلا يەنە ناھىيىلىك ۋە يېزىلىق پارتىيە تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن ئۇدا بەش يىل مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى دەپ مۇكاپاتلانغان.

ئابابەكرى ئۆمەر 2000 ـ يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان «يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىلىرىنى تەڭشەش، يېزىلارنى كەسىپلەشتۈرۈش» سىياسىتىنىڭ ئىلھامى ۋە ناھىيىلىك، يېزىلىق پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا كەنت تەۋەسىدىكى 200 دىن ئارتۇق دېھقانغا باشلامچىلىق قىلىپ، كەنتنىڭ شەھەرگە يېقىن بولۇشتەك پايدىلىق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، دېھقانلارنى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكلەش بىلەن

بىللە، ھەر خىل ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى، ھەر خىل بازىرى ئىتتىك كۆكتاتلارنى تېرىشقا، پارنىك ياساپ، پارنىكلاردا ھەر خىل كۆكتاتلارنى يېتىلدۈرۈپ، ئىقتىسادىي كىرىمنى ئاشۇرۇشقا دادىللىق بىلەن يېتەكچىلىك قىلغان. بولۇپمۇ كەنتتىكى بارلىق دېھقانلارغا مەخسۇس يەر ئاجرىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئائىلە قۇشلىرى باقمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ۋە ئائىلە قوشۇمچە ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا زور كۈچ سەرپ قىلغان. ئابابەكرى ئۆمەر ئائىلە قۇشلىرى باقمىچىلىقى مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازارغا كىرىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، قەشقەر، ئاقسۇ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، بۇ جايلاردا كەپتەر باچكىسىنىڭ ئەڭ بازارلىق مەھسۇلات ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال كەنتكە قايتىپ بانكىدىن 50 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ، قولى ئەپلىك، پۇتى چاققان دېھقان باللىرىدىن تاللاپ كىچىك تىپتىكى ئائىلە قۇشلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسىدىن بىرنى قۇرۇپ، 2002 ـ يىلى «يەكەن كۆك كەپتىرى» نامىدا ئىنگە ئالدۇرىدۇ. بۇ كارخانىنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا، كەنتتىكى 200 دىن ئارتۇق دېھقان ئائىلىسى كۆك كەپتەر بېقىشتىن ئىبارەت ئائىلە قوشۇمچە ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ يىللىق ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئالاھىدە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ھازىر «يەكەن كۆك كەپتىرى» كارخانىسى ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى كۈنىگە 800 دانە سۈپەتلىك كۆك كەپتەر باچكىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئابابەكرى ئۆمەر كەنت ئىگىلىكىنىڭ بۈگۈنكىدىن كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: مەن يالغۇز كۆك كەپتەر باقمىچىلىقى بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماي، مۇشۇ خىلدىكى ئائىلە قۇشلىرى مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ئىلغار تېخنىكىنى كىرگۈزۈپ، كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، كارخانىنىڭ دائىرىسىنى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرى، ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە قوشنا دۆلەتلەرگىچە كېڭەيتىپ، «يەكەن كۆك كەپتىرى»نىڭ كەنت دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشتىكى ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىمەن.

(مەرھابا مەمتىمىن)

(بېشى 44 ـ بەتتە)

2000 ـ يىلىغىچە بولغان سودىدا يەنە ۋەيران بولغان. ئابدۇراخمان قارى ھاجىم ئىگىلىك تىكلەش يولىدىكى بۇ خىل گۇگۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتكە توغرا مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇنىڭغا دادىل يۈزلىنىپ، 2001 ـ يىلى يەنە قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، يېمەك ـ ئىچمەك سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ، تۈركىيە، پاكىستان، سىنگاپور، تايلاند، مالايسىيە، ئىران قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئايلىنىپ، ئاخىر تۈركىيىنى سودا ئوبيېكتى قىلغان. ئۇ تۈركىيىنىڭ ئۆرۈك قېقى بىلەن پىندىق قاتارلىق قۇرۇق مېۋىلىرىنى جوڭگوغا يۆتكەپ، سودىدا ئالاھىدە يۇقىرى ئۆرلەش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن. 2002 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق يەرمەنكىگە يەكەن ناھىيىسىدىكى يەككە تىجارەتچىلەرگە ۋاكالىتەن قاتناشقان. بۇ قېتىمقى يەرمەنكىدە ئابدۇراخمان قارى ھاجىم ياپونىيىلىك سودىگەرلەر بىلەن سودا توختامى ئىمزالىغان، بۇ سودا توختامىغا ئاساسەن ئابدۇراخمان قارى ھاجىم ياپونىيىلىك سودىگەرلەرگە يىلىغا 480 توننا ئۆرۈك قېقى (گۆلە) يەتكۈزۈپ بەرمەكچى بولغان. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى سودا توختامىنىڭ قىممىتى 6 مىليون 350 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا تەڭ بولۇپ، يەكەن ناھىيىسىگە زور شان ـ شەرەپ كەلتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن يەكەن شەھىرىدە ئالتە قەۋەتلىك بىر سودا بىناسىنى سېتىۋېلىپ، «ئارزۇ سودا مەركىزى» تارمىقىدا «ئارزۇ تاللا بازىرى»، «ئارزۇ گىلەم شەھەرچىسى»، «ئارزۇ كاتتا چايخانىسى»، «ئارزۇ تاتلىق ـ تۈرۈملىرى»، «ئارزۇ باللار شەھەرچىسى» قاتارلىق سودا تۈرلىرىنى يولغا قويغان. ئابدۇراخمان قارى ھاجىمنىڭ يەكەنگە سالغان مۇقىم مەبلىغى 6 مىليون يۈەن، كۆچمە مەبلىغى 4 مىليون يۈەن. ئابدۇراخمان قارى ھاجىم بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات يۈزلىنىشى ئۈستىدە توختىلىپ: بىرىنچىدىن، تىجارەت دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىمەكچىمەن؛ ئىككىنچىدىن، يەكەن ناھىيىسىگە پايدىلىق بولغان بىرەر زاۋۇت قۇرماقچىمەن؛ ئۈچىنچىدىن، يېتىم باللار ئۈمىد مەكتىپى قۇرماقچىمەن، دەيدۇ. قارى ھاجىم تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغاندىن بۇيان دائىم ئىقتىسادىي جەھەتتە قىينىلىپ ئوقۇشسىز قېلىۋاتقان باللارغا مەرىپەتپەرۋەر قولىنى سۇنۇپ كەلدى ھەمدە ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلاردىكى خەلققە ئۆزىنىڭ خالىسانە ياردىمىنى يەتكۈزۈپ كەلمەكتە.

(مەرھابا مەمتىمىن)

# بالىلار تەربىيىسىگە سەل قارالغان فىلىن سەنئەتلەر

——— كېرىم مۇسا ———

بازار رىقابىتى پۇلنى تېز ـ تېز ئايلاندۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئېكرانلاردا ئېلان پروگراممىلىرى ئارقىلىق بازار ئېچىش يوللۇق بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم ئېلانلاردا پۇلنىلا كۆزلەپ، شۇ ئېلاننىڭ بالىلارغا بولىدىغان قوشۇمچە تەسىرىگە سەل قارالغانلىقى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

هاراق، گىرىم بۇيۇملىرى، سوپۇن، ئىچ كىيىم، ئەر ـ ئاياللارنىڭ جىنسىي ساغلاملىق دورىلىرى قاتارلىقلارنى راسا ماختاپ ئىشلەنگەن ئېلانلار رەڭگارەڭ سۈرەتلەرنى ماھىرلىق بىلەن كىرىشتۈرۈپ، ئاتا ـ بالىلار بىر يەردە تۇرۇپ قارىغىلى، ئاڭلىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە چاكىنىلىشىپ كەتتى. بۇ خىل ھالەت ھەر قېتىم كۆز ئالدىمدا تەكرار نامايان بولغىنىدا بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمەن.

مېنىڭچە، بۇ خىل ئېلانلار ھېچقانداق ئۈچۈر ئىگە ۋە ئېھتىياجى بولمىغان كىشلەرگە (بۇنىڭ ئىچىدە بالىلارغا) بەك ئۇۋال قىلىدى.

بالىلار كۆپ ئىشلارنى بىلىپ يېتەلمىسىمۇ، بىلىشكە قىزىقىدۇ. ھالبۇكى، بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ ئاڭلىتىلىۋاتقان بەزى ئېلانلار ئۇلارنىڭ يېگىلىق يارىتىش، يېڭىلىققا ئىنتىلىش ۋاقتىنى ئالغاندىن باشقا، قىسمەن بالىلارنىڭ ئەخلاق جەھەتتىن بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ.

مەلۇم شىركەت تەرىپىدىن ئىشلەنگەن بىر ئېلاندا ئىككى بالىنىڭ ئاپىسى قويۇپ قويغان پىرەنىكلەرنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن بۇلاپ ـ تالاپ يەپ، تەخسىلەرنى قۇرۇۋەداپ قويغانلىقى، ئاپىسى سۈرۈشتۈرۈپ، كىمنىڭ يېگەنلىكىنى سورىغاندا بالىلارنىڭ بىر ـ بىرىنى ئىشارەت قىلىپ، سەۋەنلىكنى زادىلا بويىنىغا ئالمىغانلىقى توغرىسىدىكى تەسۋىرنى كۆرىمىز. بۇ گەرچە ئېكراندىكى سەنئەت بولسىمۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بالىلارنىڭ ئەدىيسىگە تەسىر كۆرسەتمەي قالامدۇ؟

ياپونىيىنىڭ مەشھۇر بالىلار مائارىپشۇناسى موسۇن جيۇيى بالىلار تەربىيىسى ھەققىدە توختىلىپ: «ئەگەر بالا تۇغۇلۇپلا كۆڭۈلدىكىدەك تەربىيە مۇھىتىدا تەربىيەلەنسە، ئۇنىڭ ئەقلىي كۈچى 100% تەرەققىي قىلالايدۇ. بەش ياشتىن باشلانسا، تەربىيە مۇھىتى ياخشى بولسىمۇ 80% تەرەققىي قىلالايدۇ. ئون ياشتىن باشلانسا 60% تەرەققىي قىلالايدۇ. دېمەك، تەربىيە قانچە كېيىن باشلانسا، ئەقلىي تەرەققىياتى ئۇچرايدىغان توسقۇنلۇقمۇ شۇنچە زور بولىدۇ» دېگەنىدى.

دېمەك، بالىلارنى كىچىكىدىنلا ياخشى تەربىيىلەش ئىنتايىن مۇھىم.

ناھايەت، بىز موسۇن جيۇيىنىڭ بالىلارنى تەربىيەلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىشىمىز زۆرۈر بولمىسىمۇ، بالىلىرىمىز تېلېۋىزورلاردىن ھەر خىل قىلىقلارنى ئۆگىنىپ، باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىۋالىدىغان، ئاتا ـ ئانىلارنى، ئوقۇتقۇچىلارنى ئالدايدىغان ئەھۋاللار ئاز ـ تولا ئۇچراۋاتىدۇ. مەسىلەن، × × مەكتەپتە ئەدەبىيات كىتابىنىڭ كوللېكتىپ يوقىلىپ كېتىشى، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىرەر ئوقۇغۇچىنىڭ بويىنىغا ئالمىغانلىقى، پۇل، تاماق بېلىتى، ئوقۇش قوراللىرى، ۋېلىسىپىت ئېگەر قاپچۇقى، ياتاقلاردىكى يوتقان ـ كۆرپىلەرنىڭ يو-



قىلىپ كېتىشى... قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىدا يۇقىرىقىدەك ئېلانلارنىڭ تەسىرىنى يوق دەپ ئېيتالامدۇق؟

بەزى ئېلانلاردىكى باھنى كۈچەيتىش، بۆرەكنى كۈچلەندۈرۈپ، ئەرلىك ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش دورىلىرى، كاسىنى كۆتۈرۈپ، بەلنى زىلۋالاشتۇرىدىغان خىسلەتلىك ئىچ كىيىملەر، گىرىم بۇيۇملىرى... قاتارلىقلارنىڭ ئېلانلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئوقۇش يېشىدىكى ئايرىم باللارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ، ئۇلارنىڭ نورمال بولمىغان يېتىلىشىنى تېزلىتىپ، مەكتەپ يېشىدىلا ياتلىق بولۇپ قېچىپ كېتىدىغان، قىزلارنى ئېلىپ قاچىدىغان... نەتىجىدە، ئۆلۈۋېلىشتەك پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىققانلىقىغا نېمە دېگۈلۈك؟ ئەجەبا، كارخانىچىلارغا پۇل، ئىستېمالچىلارغا مەھسۇلات لازىم بولغىنىدەك، باللارغا ئىدېئولوگىيە ساغلاملىقى لازىم ئەمەسمىكىنە؟!

خەلقىمىز ئەزەلدىن ئەدەپ ـ ئەخلاققا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدىمۇ ئۆزىگە خاس ئەخلاق قارىشى بولۇپ، باللارنى مېھماندارچىلىققا ئاپارغاندا داستىخانغا كىردۋالماسلىق، مېھمانغا تەييارلىغان يېمەكلىكلەرنى يېمەسلىك توغرىسىدىكى بىر خىل ئەنئەنىۋى قاراشنى ساقلاپ كەلگەن.

مەلۇم شىركەت ئۈچۈن ئىشلەنگەن يەنە بىر ئېلانىدىمۇ ئۆيىگە مېھماننى باشلاپ بولغاندىن كېيىن داستىخاندا مۇراببانىڭ بولماسلىقى ساھىبخانىنى تەشۋىشلەندۈرىدۇ. ئانىسى مۇرابباغا بۇيرۇغان بالا مۇراببانى ئېلىپ، يولدا كەلگۈچە يەپ بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئېلانچىلىقى قانچىكى راۋاجلانسا، شۇنچە ياخشى بولىدۇ. ئايرىم باللارنىڭ يامان تەسىرگە ئۇچرىشىمۇ قاراپ تۇرغىلى بولمايدۇ، ئېلانچىلىرىمىزغا شۇنداق مەسلىھەت بېرىمىزكى، ئېلانلىرىڭىزنى كارخانىچىلارنىڭ، ئىستېمالچىلارنىڭ ۋە باللارنىڭ كۆزى بىلەن دەڭسەپ ئاندىن بازارغا سېلىڭ. (09)

(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە ئۆردەكلىك يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

## يۇمۇرلار

### تىمساھلارنى قۇتقۇزۇڭلار

تېلېفون جىرىڭلىغانىكەن، تويى بولغىنىغا ئۇزاق بولمىغان كېلىن تۇرۇپكىنى قولىغا ئاپتۇ:

— ۋەي، نېمە ئىش؟

— مەن ھايۋانات باغچىسىنىڭ مەسئۇلىمەن، تېز كەلمىسىڭىز بولمىدى، قېيناناڭىز تىمساھلار بار كۆلگە چۈشۈپ كەتتى.

— قېينانامدىن ئەنسىرىمىش ھاجەتسىز، ئەڭ ياخشىسى تىمساھلارنى جىددىي قۇتقۇزۇڭلار.

### مەنمۇ ئورۇقلىماقچى ئىدىم

بىر ئادەم قويىنى سانقىلى ئېلىپ چىققانىكەن، بىرسى كېلىپ سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، بۇ قوينى نېمە بىلەن باققانلىقىڭىزنى دەپ بېرەلەرسىزمۇ؟

— بۇنىڭ سىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟

— چۈنكى مەنمۇ ئورۇقلىماقچى ئىدىم، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى ئۆتۈنگەن قىياپەتتە.

### يەرنىڭ تارتىش كۈچى

مەشقاۋۇل يېڭى ئەسكەرلەرگە يەرنىڭ تارتىش قانۇنىنى چۈشەندۈرۈپتۇ:

— ئەگەر بىر تاشنى ئاسمانغا ئاتساق، ئۇ يەنە يەرگە قايتىپ چۈشىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭغا يەرنىڭ تارتىش كۈچى تەسىر قىلىدۇ. چۈشەندىڭلارمۇ؟

— چۈشەندۇق، — دەپتۇ ئەسكەرلەر. ئەمما ئارىدىن بىرسى سوراپتۇ:

— ئەگەر تاش سۇغا چۈشۈپ كەتسىچۇ؟

— شۇنىمۇ چۈشەنمىدىڭمۇ؟ بۇ بىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز، ئۇنى دېڭىز ئارمىيىسىدىكىلەر بىر تەرەپ قىلىدۇ.

### يەنە بىر دوللار قوشۇپ بېرەي

— بۇرادەر، مارىيەنىڭ قايسى ئۆيدە ئولتۇرىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

— بىلىمەن، ئەمما بىر دوللار بەرسەڭ دەپ بېرىمەن.

— ئۇنداقتا، يەنە بىر دوللار قوشۇپ بېرەي، ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئۆيدە بار ـ يوقلۇقىنىمۇ دەپ بەرسىڭىز. (05)

# مەن «ئىككىنچى ئەخمەق»

ئوسمان جۇمە

بىراۋنىڭ ئۆزئارا سۆزلەشكەن پەيتلىرىدىكى «ئۆزۈڭنى داڭلىما، ئۆزىنى داڭلىغان بىرىنچى ئەخمەق، ئايالىنى داڭلىغان ئىككىنچى ئەخمەق» دېيىشكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. ئاشۇ سۆزمەنىنىڭ قارىشىچە، «ئىككىنچى ئەخمەق» بولۇپ قالسامۇ، ئۆز ئايالىمنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدىن سۆيۈنگەنلىكىم ئۈچۈن ئايالىمغا تەشەككۈر ئېيتماي تۇرالمايمەن.

بۈيۈك تاتار ئالىمى رىدائۇددىن ئىبنى فەخرۇددىننىڭ «ئائىلە» دېگەن دىداكتىك ئەسىرىدە: «ياخشى ئايال ئېرىنىڭ مېلىنى ساقلار، ئېرىگە كېلىدىغان بالا ـ قازانىڭ ئالدىنى ئالار، ھەر ۋاقىت بەزى نەرسىلەرنى ئىقتىساد قىلىپ ئازدۇر ـ كۆپتۇر مال يىغار ۋە زۆرۈر بولغاندا ئۇنى ئېرىگە بېرىپ ئۇنى شادلاندۇرار» دېگەن سۆزلەر بار. ئايالىم ئەنە شۇنداق قىلدى، مېنى سۆيۈندۈردى.

ئائىلە جەمئىيەت دېڭىزىدىكى بىر پاراخوت بولسا، ئايال ئاشۇ پاراخوتنىڭ رولىدۇر.

يەتتە ياش ۋاقتىمدا دادام بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشقان بولۇپ، ئانام شۇنىڭدىن بېرى تۆت ئوغۇلنى قاتارغا قوشۇپ، غۇربەتچىلىكتە ياشاپ (تۇل) ئۆتتى. ھازىر ئانام 85 ياشقا كىرىپ قالدى. 1989 ـ يىلى مەن تۇرمۇش قۇرغان يىللاردىن بۇيان، كېسەلدىن ساقىيىپ كېتەلمىدى. 2001 ـ يىلى 8 ـ ئاي مەزگىلىدە ئورنىدىن تۇرالماس بولۇپ قېلىپ، يېزا، ناھىيە، ۋىلايەت ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق دوختۇرخانىلاردا 25 مىڭ يۈەندىن كۆپ پۇلغا داۋالاتقان بولسامۇ، ئورنىدىن تۇرالمايۋاتىدۇ. بىر يېرىم يىلدىن بۇيان داۋالىتىش، بېقىشقا كەتكەن پۇلغا ئايالىم قىلچە ئاغرىنمىدى. ئايالىم كۆيۈنۈپ باققانلىقى ئۈچۈن، ئانام باشقا ئوغۇللىرىنىڭ ئۆيىدە بىرەر ھەپتە تۇرۇپمۇ كەلمىدى. ئايالىمدىكى بۇ خىل گۈزەل ئەخلاق مېنى سۆيۈندۈرمەي، شادلاندۇرماي تۇرالامدۇ؟

مەن ئوقۇتقۇچى، ئايالىم دېھقان. ئۆتكەن يىلى كۈز مەزگىلىدە ئايالىم كۈندە دېگۈدەك 80 ـ 95 كىلوگرام پاختا تەردى. ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئانام، ئىككى ئوغلۇم ـــ بەش جاننى ئاش ئېتىپ بېرىپ رازى قىلدى. تۆت ـ بەش قويغا ئوت ئېلىپ باقتى. ئاشۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە كەچلىك ئۆگىنىشتىن قايتىپ ئۆيگە كىرسەم، ئانام ئايالىم چايناپ بەرگەن ئالمىنى ئاغزىغا سالغاچ كۈلۈپ: «قىزىم يوق دەپ ئەنسىرىگەنىدىم، خۇدايىم سىزنى ئۆز قىزىمدىن چارە قىز قىلىپ بەردى، سىزگە يۈز مىڭ رەھمەت» دېدى. بۇ ئىشنى كۆرۈپ ئايالىمدىن ئالەمچە سۆيۈندۈم.

«ئاياللار ئەڭ گۈزەل، ئۇلاردىكى گۈزەل جامال ھېچ يەردە يوق.» ئەخلاق بىلەن ئادەمنىڭ قەلبى گۈزەل بولىدۇ. ھەقىقىي گۈزەللىك قەلب گۈزەللىكىدىن كېلىدۇ. قەلبى گۈزەل، خۇيى گۈزەل ھەممە ئادەمنى سۆيۈندۈرىدۇ. بىر دانىشمەن: «ئاراڭلاردىكى كىشىلەرنىڭ ياخشىلىرى ـــ ئەڭ گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولغۇچىلاردۇر» (بۇخارى رىۋايىتى) دېگەنىدى.

ئاياللار ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئاساسى ـ يىلتىزى. ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى ھەم چىرىغى. ئۆينىڭ كۆركى ـ زىننىتى. يازنىڭ گۈلى، قىشنىڭ ئوتى. خامۇش كۆڭۈللەرنى ئىللىتقۇچى ـــ دۇنيانىڭ راھىتى، لەززىتى، كۆڭۈل ھۇزۇرى. ئايالسىز تۇرمۇش چاڭقاق، قاغجىرىغان ۋە سوغۇق.

مەن ئايالىمنىلا ئەمەس، بارلىق گۈزەل ئەخلاققا ئىگە ئاياللارنى مەدھىيىلەيمەن! ئاياللار ئىقتىسادچىل، ئىشچان، كۆيۈمچان، ئەپۇچان، كەمتەر، سەممىي، راستچىل، ساپ دىل، يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىدىغان ـ كەڭ قورساق، چىقىشقاق، قېيىنانىسىغا كۆيۈنۈپ، ئېرىنى سۆيۈندۈرىدىغان غۇرۇرلۇق ئاياللاردىن بولسىلا، ئەرلەر «ئىككىنچى ئەخمەق»لەردىن بولۇپ قالساقمۇ مەيلى.(06)

(ئابدۇسالام ئۇلۇغ فوتوسى)

(ئاپتور: مارالبېشى ناھىيە 49 ـ تۈەن 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# بىمارلارغا خۇش خەۋەر

تۇتقاقلىق كېسىلى، روھىي كېسەل، دېۋەڭلىك كېسىلى بىر تۈرلۈك داۋالاش قىيىن بولغان كېسەل بولۇپ، تەكرار قوزغىلىش ۋە ئۇزاق سوزۇلۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئەگەر بىمار ۋاقتىدا داۋالانمىغاندا، تۇرمۇشتا ئۆز ھۆددىسىدىن چىقىش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ، ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۇزاق مۇددەت ئازاب ۋە غەم ـ قايغۇ ئېلىپ كېلىدۇ.

«جۇڭگىيچە تۇپ يىلتىزىدىن داۋالاش ۋە پسىخىك مەسلىھەت» دېگەن ئىككى خىل داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ يارانقۇچىسى، خەلقئارا غەربچە، جۇڭگوچە بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو تۇتقاق كېسەل، روھىي كېسەلنى جۇڭگىيچە داۋالاش جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭخۇا تېببىي ئىلىم جەمئىيىتى خېنەن تېببىي ئىلىم جەمئىيىتىنىڭ مۇتەخەسسىسلەر دوختۇرخانىسى تۇتقاقلىق كېسىلى، روھىي كېسەلنى داۋالاش مەركىزىنىڭ مۇدىرى، ئاتاقلىق تۇتقاقلىق، روھىي كېسەل مۇتەخەسسىسى پروفېسسور شۈي جىچۈەن تۆت ئەۋلاد جۇڭگىيچە داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، جۇڭگو جۇڭگىيچە داۋالاش ۋە دورىگەرلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. تۇتقاقلىق، روھىي كېسەل داۋالاش تەتقىقاتى بىلەن 40 يىل شۇغۇللانغان، ئەجدادلىرىدىن مىراس قالغان مەخپىي رېتسېپلار ئاساسىدا جۇڭگوچە داۋالاشتىكى «كېسەلنىڭ تۇپ يىلتىزىدىن داۋالاش بىلەن دىئالېكتىكىلىق ئىلغاپ داۋالاش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، «روھنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە جىشى شېڭكالڭ قاتارلىق بىر قاتار ساپ جۇڭگىيچە سۇيۇقلۇق دورىلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، بىر يۈرۈش ئۆزگىچە «جۇڭگىيچە تۇپ يىلتىزىدىن داۋالاش ۋە پسىخىك مەسلىھەت»نى بىرلەشتۈرۈپ، ئىككى خىل داۋالاش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلىپ چىققان.

بۇ بىر يۈرۈش دورىلار بەلغەمنى ئېرىتىپ، ئىسسىق سەپرانى قايتۇرۇش، كىسلارودلۇق قۇۋۋەتنى تەڭشەپ، خىلتلارنى راۋانلاشتۇرۇش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەپ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، مېڭىنى سەگەكلەشتۈرۈپ، توسالغۇلارنى ئېچىش، يەلنى تۈگىتىپ، ئاغرىقنى پەسەيتىش، نېرۋىلارنى تەڭشەشتەك ھادىسە بىلەن ماھىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش رولىغا ئىگە بولۇپ، ئادەتتىكى بىمارلار دورا ئىچىشنى پسىخىك داۋالاش بىلەن بىرلەشتۈرگەندە، ئۈچ كۈندىن يەتتە كۈنگىچە ئۈنۈمىنى كۆرىدۇ. ئىككى ـ تۆت باسقۇچ داۋالاشتىن كېيىن ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلىگە كېلىدۇ. داۋالاش مۇددىتى قىسقا، ئۈنۈمى تېز، ساقىيىش نىسبىتى يۇقىرى، زەھەرلىك ئەكس تەسىرى يوق.

شۈي پروفېسسور ئىلگىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نوپۇزلۇق گېزىت ـ ژۇرناللاردا نەچچە ئونلىغان ماقالىلەرنى ئېلان قىلدۇرغان، ئىككى مەخسۇس ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ ئىسمى «جۇڭگو مەشھۇر كىشىلەر قامۇسى»غا ۋە «جۇڭگو ئەسىر ھالقىغان داڭلىق دوختۇرلار قامۇسى»غا كىرگۈزۈلدى.

ئۇ تەكلىپ بىلەن دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ۋە ئامېرىكا، كانادا، سىنگاپور، ئاۋسترالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە لېكسىيە سۆزلەش ۋە كېسەل كۆرۈشكە باردى. بارغانلا يېرىدە بىمارلارنىڭ ۋە ھەرقايسى ساھەدىكىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. «جىگشېن كاڭفۇ»، «جىنى شېڭكالڭ» دورىلىرى 1994 ـ يىلى دۆلەت جۇڭگىيى دورىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن 1 ـ دەرىجىلىك تېخنىكا مۇكاپاتىغا، 1995 ـ يىلى جۇڭگو تېببىي ساھە پەن ـ تېخنىكا دۇردانىلىرى كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتى قاتارلىق ھەر خىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى.

«جۇڭگىيچە تۇپ يىلتىزىدىن داۋالاش ۋە پسىخىك مەسلىھەت»تىن ئىبارەت ئىككىنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ بارلىققا كېلىشى تۇتقاقلىق، روھىي كېسەل ۋە دېۋەڭلىك قاتارلىق كېسەللەرنى ئۇزۇل ـ كېسىل ساقايتقىلى بولمايدۇ دېگەن ئەپسانىگە خاتىمە بەردى. بۇ، نۆۋەتتىكى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا مۇشۇ خىلدىكى كېسەللىكلەرنى ساقايتىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك داۋالاش ئۇسۇلى بولۇپ قالدى. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تۇتقاقلىق ۋە روھىي كېسەل بىمارلىرىنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن، ئۈرۈمچى دوستلۇق دوختۇرخانىسى تارماق دوختۇرخانىسى شۈي جىچۈەن پروفېسسورنى تەكلىپ قىلىپ، ھەمكارلىشىپ تۇتقاقلىق، روھىي كېسەللىك بۆلۈمىنى تەسىس قىلدى. كەڭ بىمارلارنىڭ كېلىپ مەسلىھەت سورىشىنى، داۋالىنىشىنى قارشى ئالىمىز. شۈي پروفېسسورمۇ ۋاقىت بەلگىلەپ دوختۇرخانىدا ئايلىنىپ كېسەل كۆرىدۇ.

مەسلىھەت سوراش تېلېفون نومۇرى: 13579908209، 2837901 ـ 0991

ئادرېسى: ئۈرۈمچى خەلق يولى 121 ـ نومۇر دوستلۇق دوختۇرخانىسى تارماق دوختۇرخانىسى.

36 ـ ، 44 ـ ، 3 ـ ، 61 ـ يول ئاپتوبۇسلىرىغا ئولتۇرۇپ قىزىلبايراق يولى بېكىتىدە چۈشۈپ غەربكە قاراپ 50 مېتىر ماڭسىڭىز شىڭيا بىناسىنىڭ (قىيپاش) ئۇدۇلىدا.



# كۈلۈۋېلىڭ

## تويدىن كېيىنكى تەسىرات

بىر قېتىملىق زىياپەتتە بىرقانچە ئەپەندى ئۆزلىرىنىڭ تويلىرىنى سۆزلەپتۇ.

ئارىدىن بىرى مۇنداق دەپتۇ: — «مەن تويۇم بولغان كۈننى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇمايمەن، چۈنكى مەن توي قىلغان شۇ كۈنى دەل 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاننىڭ ئالدىنقى كۈنى ئىدى.»

—بۇنىڭ نېمە ھەيران قالغۇچىلىكى بار؟ — دەپتۇ يېنىدىكى بىرى، — بىزمۇ توي قىلىپ ئەتىسىلا ئۇرۇشۇپ كەتكەن.

## قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى ھەرىكەت

بىمار: دوختۇر، مەن ئىككى قولۇمنى تىزىمنىڭ كەينىگە قويۇپ، ئۇستىگە تارتىپ، سەل ئېگىلىپ ئىككى پۇتۇمنىڭ ئالدى ـ كەينىگە تارتقان ۋاقتىمدا ئومۇرتقام ئاغرىپ كېتىدۇ.

دوختۇر: نېمىشقا بۇنداق قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى ھەرىكەتنى ئىشلەيسىز؟

بىمار: قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى ھەرىكەت؟ سىز ئىشتىنىڭىزنى مۇشۇنداق كىيمەمسىز؟

## دوختۇرخانىدىن چىقىش سىنىقى

مۇخبىر ساراڭلار دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقىدىن دوختۇرخانىدىن چىقىش سىنىقىنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى سورىدى.

دوختۇرخانا باشلىقى: ۋاننىغا لىق سۇ تولدۇرۇپ، يېنىغا بىر كىچىك، بىر چوڭ ساپلىق قويىمىز ـ دە، ئۇلاردىن سۇنى تۆگىتىشنى تەلەپ قىلىمىز.

مۇخبىر: ئۇنداقتا، ھەرقانداق بىر نورمال ئادەم چوڭ ساپلىقنى ئىشلىتىدۇ ـ دە.

—ياق، —دېدى دوختۇرخانا باشلىقى، — نورمال ئادەم ۋاننىنىڭ سۇ چىقىرىش ئېغىزىدىكى پۇرۇپكىنى تارتىۋېتىدۇ.

## سىز جۇرئەت قىلالامسىز

ئېرىنىڭ ئايالىنىڭ ئايال خىزمەتكارنى يامان تىللار بىلەن تىللىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئايال خىزمەتكارغا تەسەللى بېرىپ:

— كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، مېنىڭ تەقدىرىممۇ سىزنىڭكىگە ئوخشاش، — دەپتۇ.

—ئەپەندىم، سىز قانداقسىگە ماڭا ئوخشايسىز؟— دەپتۇ ئايال خىزمەتكار.

—مەن ئاللىبۇرۇن ئايالىڭىزغا ئەتىدىن باشلاپ ئىشلىمەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم، سىز شۇنداق دېيىشكە جۇرئەت قىلالامسىز؟

## بىمەنە گەپ

—ئوغرىلانغان نەرسىنىڭ ئىگىسى ئاللىبۇرۇن تونۇۋاپتۇ، —دېدى سوتچى ئوغرىغا، — سەن ئۇنىڭ ئۆيىدىكى نەرسىنى ئوغرىلاپ كېتىپسەن.

—پۇتۇنلەي بىمەنە گەپ! — ۋارقىرىدى ئوغرى— بۇ مۇمكىن ئەمەس. مەن ئۆيىگە كىرگەندە ئۇ مېنى پەقەت كۆرمىگەن. ئۇ چاغدا ئۇ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان.

## ئەخمەقلەر ئىشىنىدۇ

ئا: پەقەت ئەخمەقلەرلا بىر ئىشقا ئاسان ئىشىنىدۇ. ئەقىللىق كىشىلەر ھەرقانداق ئىشتىن گۇمانلىنىدۇ.

ب: سەن بۇ گەپكە ئىشىنەمسەن؟

ئا: ئەلۋەتتە.

## تەڭرىگە رەھمەت

بىر كۈنى بىر دېھقان ئېتىزدا ئىشلەۋېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن تاپىنىغا تىكەن سانجىلىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئاغرىققا چىدىماي، توختىماستىن ۋايجانلىغان ھالدا پۇتىنى يۇيۇپ، داكا بىلەن تېڭىۋالغاندىن كېيىن ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپتۇ: «تەڭرىگە رەھمەت، ھېلىمۇ ياخشى تۈنۈگۈن سېتىۋالغان يېڭى ئاياغنى كىيمەپتىمەن، بولمىسا تېشىلىپ كېتەتتىكەن.»

## رېمونتچى

كىچىك جوننىڭ دادىسى بالىلار كېسەللىكى دوختۇرى، ئاپىسى بولسا تۇغۇت ياردەمچى سېستراسى ئىكەن. بىر كۈنى ساۋاقدىشى جوندىن: ئاتا ـ ئاناڭ قانداق خىزمەت قىلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. جون: ئاپام بالا ئىشلەپ چىقىرىدۇ، دادام بولسا بالا رېمونت قىلىدۇ،

—دەپتۇ جاۋابەن.

## دانا بايان

شياۋ مىڭ: دادا، نېمىنى «كاپىتال»، نېمىنى «ئەمگەك» دەيمىز؟

دادىسى: ئەگەر مەن قوشنىمىزدىن 100 يۈەن قەرز ئالسام بۇ «كاپىتال» بولىدۇ. ئەگەر ئۇ مەندىن ئاشۇ 100 يۈەننى قايتۇرۇپ ئالماقچى بولسا، ئۇ چوقۇم «ئەمگەك» قىلىشى كېرەك.

## يىغىن ۋە زىيابەت

مەلۇم بىر مەدەنىيەت ئىدارىسىدە مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلىپتۇ. يىغىنغا قاتناشقانلار بىرىنچى كۈنى 30 ئادەم، ئىككىنچى كۈنى 60 ئادەم، ئۈچىنچى كۈنى شىددەت بىلەن كۆپىيىپ 90 ئادەمگە يېتىپتۇ. بىرەيلەن يىغىن ئۇيۇشتۇرغۇچىغا: سىلەر ئاچقان يىغىن چوقۇم كۈندىن ـ كۈنگە قالتىس بولدىغۇ دەيمەن، — دەپتۇ. يىغىن ئۇيۇشتۇرغۇچى بېشىنى چايقاپ: ئۇنداق ئەمەس، بىز يىغىننىڭ بىرىنچى كۈنىگە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشنى، ئىككىنچى كۈنىگە كىنو كۆرۈشنى، ئۈچىنچى كۈنىگە زىيابەت بېرىشنى ئورۇنلاشتۇرغانىدۇق، — دەپتۇ.

(مۇھەممەتجان ھېيت. ت)

## جەننەتتە كۆرۈشەيلى

بىر ئەپەندى ۋاپات بولغان دوستىنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا گۈلچەمبىرەك بۇيرۇتۇپ، لېنتىسىغا: «ئەلۋىدا» دەپ يېزىشنى ئېيتىپتۇ. ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، سۆزنى سەل چولتا ھېس قىلىپ، گۈلچەمبىرەك دۇكىنىغا تېلېفون بېرىپ: لېنتىدىكى «ئەلۋىدا» سۆزىنىڭ بېشىغا جەننەتتە كۆرۈشەيلى دەپ قوشۇپ قويۇڭلار دەپتۇ ۋە «ئەگەر سىغىشاق» دەپ قوشۇپ قويۇپتۇ.

دەپنە مۇراسىم كۈنى ئۇنىڭ گۈلچەمبىرىكىگە تۆۋەندىكىچە سۆز يېزىلغان لېنتا ئېسىلىپتۇ: «جەننەتتە كۆرۈشەيلى، ئەگەر سىغىشاق، ئەلۋىدا.»

## مەسلىھەت ھەققى

بىر ئادۋوكات ئۈستەلىدىكى تاختىغا «بىر سوئالغا 100 ئامېرىكا دوللىرى ھەق تۆلەيسىز» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ.

بىر كۈنى مەسلىھەت سوراپ كەلگەن خانىم تاختىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ ـ دە: — نېمە؟! بىر سوئالغا راستىنلا 100 دوللار ئالامسىز؟ — دەپتۇ.

—شۇنداق، —دەپتۇ ئادۋوكات جاۋابەن، — ئەمدى ئىككىنچى سوئالىڭىزنى قويۇڭ.

## 75 پىرسەنت

بىرەيلەن ھاۋا رايى پونكىتىنىڭ مەسئۇلىدىن:

—تۈنۈگۈن سىز يامغۇر يېغىش ئېھتىماللىقى 75 پىرسەنت دېگەنىدىڭىز، بۇنى قانداق ھېسابلىدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

پونكىت مەسئۇلى:

—چۈنكى، بىزنىڭ بۇ يەردە تۆتىمىز ئىشلەيمىز. تۈنۈگۈن ئۈچەيلەن يامغۇر ياغىدۇ دېگەنىدى، —دەپتۇ.

## خاتىرە سۈرەت

ئۆز ئىكاپى بىلەن ياۋروپاغا ساياھەت قىلغان بىر ئايال گىرېتسىيىدە ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر تاش مۇنارىنىڭ ئالدىدا خاتىرە سۈرەتكە چۈشمەكچى بوپتۇ ـ دە، سۈرەتچىگە:

—ھەرگىز ئىكاپىمنى قوشۇپ تارتىپ سالماڭ، ئېرىم كۆرسە مۇنارنى سەن سوقۇۋېتىپسەن، دەپ ئەيىبلەيدۇ، —دەپتۇ.

## مۈشۈكنىڭ باھاسى

خېرىدار: بۇ مۈشۈك نەچچە پۇل؟

دۇكاندار: 100 فرانك.

خېرىدار: تېخى تۈنۈگۈنلا 20 فرانك دېگەنىدىڭىزغۇ؟

دۇكاندار: چۈنكى، بۈگۈن ئەتىگەن ئۇ مېنىڭ 80 فرانكلىق شاتۇتىمنى يەۋالدى.

## ئۆچ ئېلىش

سوتچى: بىز ئىلگىرى كۆرۈشكەنمۇ، تونۇشلا كۆرۈنىسەنغۇ؟

جاۋابكار: شۇنداق، جانابلىرى. 20 يىل ئىلگىرى خانىمىڭىزنى سىزگە مەن تونۇشتۇرغان ئەمەسمۇ.

سوتچى: 20 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلسۇن. (02)



كۈلۈۋېلىڭ



# ۋاقىتلىق باشلىق

(ھېكايە)

——زۆھرەگۈل ھامۇت ——

باشلىقىمىز ئىككى ئايلىق ئۆگىنىشكە كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا خىزمەتدىشىمىز ئاباس ۋاقىتلىق مەسئۇل قىلىپ بەلگىلەندى. ئاباس ئورنىمىزدا يېشى چوڭراق ئادەم بولغاچقا، ئۇنى ھەممىمىز ھۆرمەتلەيتتۇق.

ئاباس ۋاقىتلىق باشلىق بولۇپ تەيىنلىنىپ خىزمەتكە چۈشكەن تۇنجى كۈنى كۆل رەڭ سارجىدىن تىكىلگەن يېپيېڭى شىم - كاستۇم كىيىپ، چاچلىرىنى مايلاپ، رەتلىك تارىۋاپتۇ. ئاياغلىرىمۇ پارقىراپ كېتىپتۇ. كۆزىمىزگە ئۇ خۇددى بەش - ئالتە ياش ياشىرىپ كەتكەندەك كۆرۈندى.

—ۋاھ، ئاباسكا، بۈگۈن قالتىس سالاپەتلىك بولۇپ كېتىپسىزغۇ؟ ھاكىم كەلگەن چېغى دەپتىمىز، —دەپ چاقچاق قىلىشتى خىزمەتداشلار.

ئاباس قولىنى كەينىگە تۇتۇۋالغان بولۇپ، بۇرۇنقى ھالىتىگە ئەسلا ماسلاشمىغان تەرىزدە ھەربىرىمىزگە ناھايىتى سوغۇق قارىدى - دە، گېپىمىزگە جاۋابمۇ بەرمەستىن:

—نۇردۇن، قۇرۇق گەپ قىلىپ هارمىدىڭما؟ كاسىلداپ ئولتۇرغىچە ئىشخاناڭغا چىقىپ ئىدىشىڭنى قىلمامسەن؟ — دېدى ئىشىك تۈۋىدە بەخىرامان تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان نۇردۇنغا.

تۇيۇقسىز ئېيتىلغان بۇ گەپتىن مەڭدەپ قالغان نۇردۇن ئۆز قولىقىغا ئىشەنمىگەندەك بىر بىزگە، بىر ئاباسقا ھەيرانلىقتا چەكچەيگىنىچە تۇرۇپلا قالدى. تاماكا تۇتقان قولى تىترەپ كەتتى.

—چىقە! مەن ساڭا گەپ قىلغاندىن كېيىن، ئىشخانا بازار بولمىغاندىن كېيىن، ھەرقايسىڭلارمۇ ئۆز ئىشىڭلارنى قىلىڭلار. ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرگەنچە قانداق كىرگەن بولسا شۇنداق چىقىپ كەتتى. ئىشخانا ئىچىنى سۈكۈت قاپلاپ، ھەممەيلەن بىر - بىرىمىزگە ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراشتۇق.

—بۇ نېمە گەپ بولۇپ كەتتى؟ كۈن بويى مۆرىمەي يۈرەتتى. ئۇ ئەمدى بىزنى دۈشكەللەۋاتىدا؟ —نۇردۇن قولىدىكى تاماكىنى زەرب بىلەن ئەخلەت چېلەكىگە تاشلىغاچ سۆزلەپلا كەتتى.

—ئاغىنىلەر، بۇ دېگەن ئىشنىڭ باشلىنىشى، ئويۇننىڭ قىزىقىنى ئەمدى كۆرىدىغان ئوخشايمىز، —يەنە بىر خىزمەتدىشىم سۆز قوشتى، —تومۇرۇمنى تۇتقۇزۇپ قويماي دېگىنى ئوخشايدۇ ئۇنىڭ.

ئاباس ۋاقىتلىق ئىشقا قويۇلغان بۇ

كۆنلەردە، كۆندە يىغىن ئاچىمەن دەپ بىزنى ئىشخانىسىغا يىغىۋالىدىغان بولدى. ھەممىمىز سائەتلەپ ئېچىلىدىغان يىغىندىن زېرىكىپ كەتتۇق. ئۇنىڭ قوپال مۇئامىلىسىدىن بۇرۇنقى ئاباسنىڭ ئىزناسىنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى. خىزمەتداشلار ئارىسىدا «باشلىقىمىز يۆتكىلىپ كېتىدىكەن، ئاباس رەسمىي باشلىق قىلىپ ئۆستۈرۈلىدىكەن» دېگەن گەپ تارقالدى.

بىر كۈنى ئىشخانىدا ئايلىق ھېساباتنى بوغۇۋاتاتتىم. يانىدىكى ئىشخانىدىن ئۇنىڭ مېنى چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم ـ دە، تالونلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ئىشخانىسىغا چىقتىم.

—ئاباسكا، بىرەر ئىش بارمىدى؟

—ئىش بولمىسا چاقىراتتىممۇ؟ قاراڭ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا بېرىدىغان جىددىي ئۇقتۇرۇش بار. مەن ئوقۇيمەن، سىز يازىسىز، قېنى، قولىڭىزغا قەلەم ئېلىڭ، — ئۇ ئورىگىنالنى ئۆزى يېزىپ پۈتتۈرۈپ قويغان بولۇپ، گەپنى باشلىدى:

—قەغەزنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا «ئۇقتۇرۇش» دەپ يېزىڭ. ھە، يازدىڭىزما؟ ئەمدى ئاستىدىن يېزىشنى باشلاڭ،.... دەپ يېزىپ قوش چېكىت قويۇڭ، ھە ... دەپ بەرگەنلىرىمنى قانداق يازدىڭىز؟ ئوقۇڭە، ئاڭلاپ باقاي،

—دېدى چىرايىغا سۈرلۈك تۈس بېرىپ.

مەن يازغانلىرىمنى ئوقۇپ چىقتىم.

—مەن سىزگە ئاخىرقى سۆزنى «كېرەك» دەپ بەرسەم، سىز «لازىم» دەپ ئاخىرلاشتۇرۇپ يېزىپسىزا؟ ئۆچۈرۈپ ئۆزگەرتىپ يېزىڭ! — دېدى ئۇ بۇيرۇق تەلەپپۇزدا.

مەن ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالمىغان ھالدا:

—ئاباسكا، بۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنىسى ئۆزئارا يېقىنغۇ، جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا ئانچە تەسىرى بولمىغاندىن كېيىن ئۆزگەرتمىسەممۇ بولار، —دېدىم سىلىق قىلىپ.

ئاباس ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

—نېمە؟ بۇ ئاتىكارچىلىقنى سىزگە كىم قويىدى؟ بۇ جايدا ھازىرچە مېنىڭ دېگىنىم ھېساب، سىزگە قايسى ئىشنى قىلىڭ دېسەم شۇنى قىلىسىز، ئۇقتىڭىزما؟

—بۇ... بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ سىلى ئورۇنلاشتۇرغان خىزمەتلەرنى ۋاقتىدا ئىشلىمىگەن جايلىرىم يوققۇ. مەن پەقەت مەسلىھەت تەرىقىسىدە گەپ قىلدىم شۇ. كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن بۇنچە چېچىلىسىلا ئابرۇيلىرى ئۆسۈپ قالارمۇ؟

—ئەكىلىڭە! —ئۇ قولۇمدىكى قەغەزنى زەردە بىلەن تارتىۋالدى ۋە توڭلۇق بىلەن، —يازغۇڭىز بولمىسا ۋاقتىمنى ئالماي، ئىشخانىڭىزغا چىقىپ ئىشىڭىزنى قىلىڭ، ئۆزۈم يېزىۋېرىمەن. خوتۇن خەق دېگەن كىيىم كىيىپ، ئۆزىنى پەردازلاشتىن باشقا نېمىنى بىلەتتى؟! چىقىڭ، چىقىڭ!! —دەپ دىمىغىنى قاققانچە قوللىرىنى شىلتىپ، مېنى ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىشكە ئىشارە قىلدى.

غۇرۇرۇم دەپسەندە قىلىنغاندەك، ئۇنىڭ قىلىقلىرى ماڭا قاتتىق ھار كەلدى. غەزەپتىن چەكچەيگەن بىچارە كۆزلىرىمدىن ئىككى تامچە ياشنىڭ قانداقلارچە سىرغىپ چۈشكىنىنىمۇ سەزمەي قالدىم ۋە يېشىمنى سۈرتۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي ئىشخانامغا چىقتىم ـ دە، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتىم. يىغامنى تەسلىكتە توختىتىپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، خىزمەتداشلىرىم ماڭا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ.

— بايا بولغان گەپ ـ سۆزلەرنى ھەممىمىز

ئاڭلاپ تۇردۇق. ھەي سىزمۇ ـ زە، بەك ياۋاش جۇمۇ، ئاشۇنداق ھاقارەتلىسە بىر ئېغىز گەپ ـ سۆز قىلماي، قورسىقىڭىزنى كۆپۈرۈپ چىقىۋاتىسىز. مەن بولسامچۇ، ياقىسىدىن ئالاتتىم ئۇنىڭ.

— خۇدايىم ئېشەككىمۇ بىلىپ مۈڭگۈز بەرمەپتىكەن. ئاباس ئەگەر رەسمىي باشلىق قىلىپ ئۆستۈرۈلسە قانداق بولۇپ كېتەر؟

— سىلەر، «ئەمەل بەرسە توشقانمۇ ئادەم چىشلەيدۇ» دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭلار؟ ئۇ ھازىر ئۆزىنى باشلىق دەپ كۆرەڭلەپ كەتتى، باشلىق قايتىپ كەلسە ئۇنىڭ بارىدىغان جايى سامانلىق.

ئاباس ئەتىسى مېنى ئىشخانىسىغا يەنە چاقىرتتى. ئىشخانىنىڭ ئىشىكىگە يېقىن بىر ئورۇندۇقتا ئۇنىڭ ماڭا سۆز قىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتىم. يەنە بىر خىزمەتدىشىم سالماق قەدەم بىلەن كىرىپ كەلدى ۋە «ئىدارە كاسسىرىغا تېلېفون قىلىمەن» دەپلا، تېلېفوننىڭ تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالماستىن، ئاۋازلىق كۇنۇپكىنى بېسىپ تېلېفون ئۇرۇشقا باشلىدى.

— ھوي ئۇكاموي، تېلېفون ئۇرۇشنى ئۇقامسەن؟ سېنىڭ پەلپەتىش قىلىقلىرىڭ ئايىنىپ قالدىغۇ مۇشۇ كۈنلەردە، تېلېفون دېگەننىچۇ قارا، تۇرۇپكىنى قولغا ئېلىپ ئۇرىمىز، — ئاباس سۆزلەپلا كەتتى. بۇ يولسىزلىقتىن خىزمەتدىشىمنىڭ قېنى قىزىشتى بولغاي:

— ھەي لامزەللە! سەن دېگەن بىزگە ئاران ئىككى ئايلىق باشلىق، ئۇقتۇڭمۇ؟ نېمەڭگە كۆرەڭلەيسەن؟ چوڭ بىلمەيمىز بۇنداق ئەمەلنى! — دېدى ئاچچىق بىلەن قوللىرىنى شىلتىپ.

— نېمە دېدىڭ؟ يەنە بىر دەپ باقە... يەنە بىر دەپ باقە... ، — ئاباسنىڭ غەزەپتىن بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ، كۆزلىرى پولتىيىپ چىقتى. گۆشلۈك ئېڭەكلىرى لىپىلداپ، قېلىن كالپۇكلىرى تىترەپ كەتتى. خىرقىرىغان ھالدا خىزمەتدىشىمنىڭ ياقىسىدىن ئالدى، ئۇ كۈچتۈڭگۈر قوللىرى بىلەن ئاباسنىڭ مەيدىسىدىن كۈچەپ بىرنى ئىتتىرىپ، ياقىسىنى ئاجرىتىۋالدى، ئۇلار ئاغزىنى بۇزۇپ ۋارقىرىشىپ تىللىشىپلا كەتتى. شۇ ئەسنادا باشقىلار كىرىپ ئاجرىتىۋېلىشتى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي باشلىقىمىز قايتىپ كەلدى. بىز خۇددى يېقىن تۇغقىنىمىزنى كۆرگەندەك شادلىققا چۆمدۇق. چۈنكى، بىز ئۇنىڭ يولىغا شۇنچىلىك ئىنتىزار بولغانىدۇق. ئۇ ئاباسنىڭ تامامەن ئەكسى بولۇپ، بىز ئۇنى قەۋەتلا ھۆرمەتلەيتتۇق.

باشلىقىمىز قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاباس سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك شۈكلەپ كەتتى. ئۇ بىزگە كۈن ـ كۈنلەپ گەپ قىلمايتتى، «ئاباس ئۆستۈرۈلىدىكەن» دېگەندەك ئۆسەك سۆزلەر خەقنىڭ ئاغزىدىلا قالدى. ئۇنىڭ ۋاقىتلىق ئەمەلنىڭ كۈچىدىن مەست بولۇپ، ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ، ھېچكىمنى پىسەنتىگە ئالماي، ھەممەيلەننى رەنجىتىپ غادىيىپ يۈرگەن ئىككى ئايلىق «ئەمەلدارلىق كىبرى» بىراقلا يوقاپ، ئەسلىدىكى «ياۋاش» ھالىتىگە قايتقانىدى، ئىدارىمىزدە ئاباس توغرىسىدا بىر مەزگىل سۆز ـ چۆچەك يامراپ يۈردى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ ئىشلارنى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇپ كېتىشتۇق. (05)

١

## سونېتلار

1

زاكىرجان مىجىت سىدىقى

پەيدا بولۇپ قالدىڭ قاچان تۇرمۇشۇمدا سەن،
شۇندىن بېرى تىنچ قەلبىم كۆتۈرۈپ قىيان.
بولۇپ قالدىم رومانتىك، ياق! ئىشقىڭدا دەردمەن،
ئەن بىخەۋەر، مەن يۈرەكلىك سۆرەلمەي زۇۋان.
يۈرمىسەممۇ ئىستەپ ۋۇجۇد لەززىتىنى مەن،
سېنىڭدە ھەم يوق ئىختىيار بولۇشقا جانان.
ئاشىقلىقىم بولدى شادلىق تۇيغۇمغا كېپەن،
دەرد ئۈستىگە قوشۇلۇپ دەرد، تۇنجۇقۇپ ئىمكان.
شۇڭا، ئازاب تۇيۇلار ئاھ! سۆيۈشۈم سېنى،
ۋىسالىڭ ئۇ، مەن تەۋەككۇل قىلغان پاجىئە.
چۈنكى، ئەركىم ئەمەستۇر بىل سۆيۈلۈش، مېنى،
تۇرغاچقا چىڭ باغلاپ ئايال، پەرزەنت، ئائىلە...
ساڭا بولغان سۆيگۈمنى مىڭ تۇتساممۇ پىنھان،
نەزمەمدە ئۇ بولۇر ھامان ئاشكارا ـ ئايان.

2

ساڭا كېرەك بولسا نىگار سۇناي قوش قوللاپ،
يۈرىكىمنى يۈرىكىڭگە چات ھامىي بولۇپ.
يېگانىلىك بىزلەرگە خاس ئەمەس، كۆر ئويلاپ،
دەپسەن، قالسا ئەجەب ئەمەس رىزىق قوشۇلۇپ.
مەن ئۈچۈن دەرد تارتماقنى خوپ كۆرسەڭمۇ، بىراق،
قىلالمايسەن جاراھەتتىن روھىمنى خالاس.
قىلمىشلىرىم قىلغاچ مېنى سۆيگۈدىن يىراق،
تەنھالىقىم—ئۆز ـ ئۆزۈمدىن ئېلىنغان قىساس.
كۆتمە ئارتۇق ئۈمىد مەندىن، ئۆزۈڭنى ئۇنتۇپ،
سۆيگۈ ئەمەس، مەندە بارى كۆز ياش ۋە ئازاب.
ئېرىنەلمەس سۆيگۈڭ، دىلىم قاتقان مۇز بولۇپ،
مەيلى كەلگىن ۋۇجۇدۇمغا تومۇزنى باشلاپ...
تىلىكىمدۇر: شۇڭا كۆڭلۈڭ، مېنىڭدىن سوۋۇپ،

## تەنھا لىرىكا

مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن

تاتلىق خىيال ئەگىيدۇ ھامان،
يوللىرىڭغا تۇرغاندا قاراپ.
ئېرىپ كەتتىم سۆيگۈ ئىشقىدا،
ۋۇجۇدۇمغا بىر سېزىم تاراپ.

تۇرسىمۇ گەر رېئاللىق ئالداپ،
ئۈمىدىمگە بەردىم تەسەللى.
گەر كۆڭلۈڭدىن تۇرساممۇ يىراق،
كېزەر دىلنى مۇھەببەت ۋەسلى.

لىرىكاسەن، قەلبىمدە تەنھا،
مەڭگۈ ئەزىز شېئىر ۋەتىنى.
مەيلى مېنى ئۇنتۇپ كەت ئەبەد،
سۆيگۈ دېگەن ئەمەس كۆز يېشى.

## بىر قىزغا

ئەنۋەر مەمتىلى

ئەينەكتىكى ئەكسىڭنى،
پەرىلەرگە ئوخشاتتىڭ.
جامالىڭغا مەست بولۇپ،
قاشلىرىڭنى ئويناتتىڭ.

كۈلكە ـ چاقچاق، تاماشا،
ساڭا بولدى قەدىناس.
ئىچىش، چېكىش، تانسىدىن،
بولۇپ قالدىڭ ئايرىلماس.

سېنى ئايكەن دېيىشسە،
جامالىڭغا كۆيۈشسە.
سەن ھەممىنى ئۇنتۇدۇڭ،
مەيخانىدا كۈتۈشسە.

ئويغانغاندا چۈشۈڭدىن،
كېچىككەنتىڭ ئۆزۈڭمۇ.
ئەسىر بولۇپ ئازابقا،
ياشقا تولغان كۆزۈڭمۇ.

## ئارمان ناخشىسى

مېھرىگۈل ئابلىمىت

ئارمانلارنىڭ قەبرىسى بولۇپ،
دوقمۇشلاردا يۈردۈم تەمتىرەپ.
غەلىتە ئىش، ئەمما خىيالىم،
كىملەرگىدۇر يۈرەر ئەركىلەپ.

ئۆتۈپ كەتكەن ئاۋازسىز كېچە،
يۇلتۇزنىڭ سۆيدى مەڭزىگە.
چاۋاك چالدى تۇيغۇم شوخلىشىپ،
چاقچاق قىلىپ گۈلنىڭ بەرگىگە.

ھېسلىرىمدىن ئىزدەپ ئاخىرى،
تېپىۋالدىم يېشىل لىرىكا.
ئەركىم بىلەن سۆيىمەن سېنى،
سۆي مېنىمۇ سۆيۈملۈك دۇنيا.

## ئۇنتۇلغان رېئاللىق

بۇخەلچەم مەتتوختى

ئېزىپ قالغان سۆيگۈمگە قامچا،
سېلىش ئۈچۈن كۈنۈم ئاۋارە.
مۇڭ قەلبىدە ئاقتۇرۇپ قان ـ ياش،
ئەكسى، ئۇنسىز يانار ئەقىدە.

ئۇنتۇپ كەتكەن مەشۇق سۆيگۈسى،
چېچەك ئېچىپ ئۇربىتاسىمان.
ياساپ قويغان ئىللىق بىر ئۇۋا،
ئۇزاپ كەتكەن قىرغاقتىن ئامان.

ئوت سالغىنى ئەمەستۇر گۇناھ،
لېكىن كۆيگەن گۇناھكار بەندە.
سۆيگۈ يوللاپ چاقىرغۇ تامان،
ئارام تاپار يانغان ئەقىدە.

# هەرىكەت قىلغان بەرىكەت تاپىدۇ

## بازار تاپقان «يەكەن كۆك كەپتىرى» توغرىسىدا





▶ ئىلمىي جەمئىيەت رەئىسى ئابابەكرى تۇمەر




▼ ماركىسى ئەنگە ئېلىنغان كەپتەر گۆشى



سوغۇق ساقلاش بۆلۈمى




ئىلمىي جەمئىيەت ۋە سېتىۋېلىش پونكىتى



سويۇش، تازىلاش ئۆيى

# ئەرنىڭ سۆزىگە ئەمەس، ئىشىغا قارا

— پەكەن «ئارزۇ سودا مەركىزى» ھەققىدە



ئارزۇ تاللا بازىرىنىڭ خادىملىرى



▶ باش دىرېكتور ئابدۇراخمان قارى ھاجى



ئارزۇ تاللا بازىرى

arzu
阿尔祖
ARZU

▲ ئارزۇ ماركىسى



▼ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ داڭلىق گىلەملىرى





ئارزۇ تورت ۋە پىشۇرۇقلىرى